

شەرەپلىك خەلق
ۇتقۇچىلىرىدىن ئۆگىنەيلى





① ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى قېتىملىق "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل"، باشقىلارغا ئۆلگە بولۇش بويىچە ئىلغارلار ۋەكىللىرى يىغىنى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە تەنتەنىلىك ئېچىلدى.
سۈرەتتە: يىغىن مەيدانى.

② يىغىندا 199 نەپەر ئىلغار شەخس ۋە 47 ئىلغار كوللېكتىپ تەقدىرلەندى.

③ يولداش ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋەكىللەرگە لەۋھە تارقىتىپ بەرمەكتە.

④ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى يولداش ئىسمايىل ئەھمەت ۋەكىللەر بىلەن سەمىمىي پاراڭلاشماقتا.

⑤ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى يولداش جانابىل يىغىندا سۆز قىلماقتا.

⑥ گۇرۇپپىلاردا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش.







1 | 2
3
4
6 | 5

# شىنجاڭ مائارىپى

1983 - يىل 9 - سان

(ئايلىق ژورنال)


## بۇ سانىدا


ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىپ، مەكتەپلەر تەنتەربىيە - ساقلىقنى سا[illegible]، خىزمىتىنى چىڭ
ۋە ياخشى تۇتايلى ........................ مۇھەررىر ماقالىسى ...... خې دۇڭچاڭ ( 1 )

يولداش جانابىلنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېچىلغان "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل" پائالىيىتىدە ئۈلگە كورسەتكۈچى ئىلغارلار ۋەكىللىرى يىغىنى[illegible] سوزلىگەن سوزى (قىسقارتىلمىسى) ........................ ( 7 )

ئاپتونوم رايونلۇق "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل" پائالىيىتىدە ئۈلگە كورسەتكۈچى ئىلغار كوللىكتىپ، ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى يىغىنىدا سوزلەنگەن سوز ... نۇر تېيىپ ( 1[illegible] )

تىرىشىپ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدىنىيەت بەرپا قىلىش، "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا تەشەببۇسنامە ........................ ( 17 )

ئاپتونوم رايونىمىزدا تۆنجى قېتىملىق "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل" پائالىيىتىدە ئۈلگە كورسەتكۈچى ئىلغارلار ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى ........................ ( 19 )

ئالىيجاناپ ئەخلاق - پەزىلەت، شانلىق ئۈلگە ........................ ( 20 )

مەكتەپ مۇدىرلىرى خىزمىتى

دەرس ئاڭلاشتا چىڭ تۇرغاندا تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ ........ شې ۋېي ( 23 )

ئوقۇتۇش تەتقىقاتى

سىياسى دەرستىكى تاپشۇرۇقنىڭ رولى ........................ ئىمام ئىبراھىم ( 26 )

مەسىلە قويدۇرۇپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى يېتىلدۇرۇشكە دائىر بىر مىسال ........................ ( 28 )

ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ۋە ئەدەبىيات پەنلىرىنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ........................ ( 30 )

كۆزەتكۈزۈش — ئوقۇغۇچىلارنى ماقالا يېزىشقا يېتەكلەشنىڭ ياخشى شەكلى ...... زىلەيخان ( 34 )

پىكىر قىلىش ۋە ئىپادىلەش مەشقى قىلدۇرۇلغان بىر سائەتلىك دەرس ...... ھاكىمجان مەسۇم ( 39 )

ماتېماتىكا دەرسلىكىدىكى راتسىئونال سانلارنى كوپەيتىشنى قانداق ئوتتۇم ... يۈسۈپ ئىلياس ( 42 )

مەسىلىنى ئاناسىپلىق ئۇسۇل بىلەن يېشىش ھەققىدە ........................ مۇقەددەس ( 45 )

تەسىر - ئەكس تەسىر كۈچ ۋە تەڭپۇڭ كۈچلەر ھەققىدە ........................ نەسىردىن ( 49 )

هاياتلىقنىڭ ماددى ئاساسى بىلەن تۈزۈلۈش ئاساسى توغرىسىدا سوئال - جاۋاب
(52) ئەختەر مىراجى ..............................................

• • •

ئوقۇتقۇچىلارغا خۇددى لېنىنغا ئوخشاش غەمخورلۇق قىلىش كېرەك ..................... (57)

## پىداگوگىكىلىق مەسلىھەت

ئوچۇق دەرسنىڭ ھەقىقى ئوچۇق دەرس بولغىنى ياخشى .................. ئابلەت ياسىن (58)

## مائارىپ پسىخولوگىيىسىنى ئۆگىنىش

دىققەت ۋە ئۇنىڭ ئوقۇ[illegible]تىكى رولى ................................ گۈلپىيە مۇھەممەت (60)

## گۈزەللىك تەربىيىسى

ئويۇلۇش توغرىسىدا .................................................. ھابىل مەخسۇت (64)

## تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇش

ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىپ، داشۆي سەۋىيىسىگە يەتكەن تىرىشچان باغۋەن ...... ئىسلام سادىق (67)
بىز ئىشتىن سىرتقى كەسپىي ئۆگىنىشنى قانداق ئېلىپ باردۇق ... مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمى (69)
ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نەچچە نۇقتا ........................ (71)
ئوقۇتقۇچىلارنى "ئىككى ئوتكەل" دىن ئوتكۇزۇش تايانچلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى ................................ مەريەم ئابدۇراخمان (72)

• • •

ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى توغرىسىدا مۇقەددىمە ............................ ئابدۇللا تالىپ (73)

## چەتئەل مائارىپىدىن

پاۋلىش ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ ئەمگەك ئەنئەنىسى ............................................ (85)

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

سانسكرىت ئەدەبىياتىدىكى پەزىلەتكە دائىر ھېكمەتلىك سوزلەر ........................ (87)
نەسىھەت جەۋھەرلىرى ............................................................ (90)

## خەۋەرلەر

شىنجاڭ ئوقۇتۇش قورال - سايمانلىرى زاۋۇدى گولۇبۇسنى ئۇيغۇر يېزىقىدا سىناق قىلىپ ئىشلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى ........................................................ (93)
خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كەسپىي كۇرسى ئېچىلدى ........................ گۈلپەر (94)

*1983 - يىل 8 ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشرگە بېرىلدى*

# ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، مەكتەپلەر تەنتەربىيە ــ ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىنى چىڭ ۋە ياخشى تۇتايلى

خې دۇڭچاڭ

(مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى)

## ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن سۈپىتى ۋە سالامەتلىك مەسىلىسى چوقۇم ھەل قىلىنىشى كېرەك

"تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان مەكتەپ تەنتەربىيە - ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىدە بەزى بەلگىلىمىلەر تۈزۈپ چىقىلدى، بەزى تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، مەلۇم تەدبىرلەر قوللىنىلدى، خىزمەتتە نەتىجە كۆرۈلدى، ئىل- گىرىلەش بولدى. لېكىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن سۈپىتى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بەزى مەكتەپلەر "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دىن ئىلگىرىكى سەۋىيىگە يەتكىنى يوق. بىز 30 يىلدىن بېرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن سۈپىتى ۋە سالامەتلىكىنى ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ئۇدا تۇتۇپ كەل- گەن بولساقمۇ، بىراق تا ھازىرغىچە ياخشى ھەل قىلىپ كەتكىنىمىز يوق، ماۋجۇشى ھايات ۋاق- تىدىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىدىن دېگەندەك قانائەتلەنگەن ئەمەس. ماۋجۇشى 50 - يىللىرى "سالامەتلىك بىرىنچى" دەپ كۆرسەتكەن ھەمدە "تەنتەربىيە ھەركىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ بەدەن سۈپىتىنى ئۆستۈرەيلى" دېگەن يوليورۇقنى ئوتتۇرىغا قويغان. ماۋجۇشىنىڭ مائارىپ- قا ئائىت نۇتۇق ۋە ماقالىلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ جايلىرىدا تەنتەربىيە سۆزلەنگەن، بۇ سۆزلەر ھازىرمۇ قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. ئۇنىڭ تەنتەربىيىگە كۆڭۈل بۆلۈش مائارىپ ئىدىيىسى توغ- را. بىزنىڭ 30 نەچچە يىللىق تەلىم - تەربىيە ئەمەلىيىتىمىزمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ كەلمەكتە. بىز ئەلۋەتتە ماۋجۇشىنىڭ بۇ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك.

مائارىپ ئىشلىرىمىز بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ راۋاجلىنىدۇ، ھەردەرىجىلىك ھەرخىل تىپتىكى مەكتەپلەر باشقۇرغانسېرى كۆپىيىدۇ. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئومۇملىشىدۇ، تەربى- يىلىنىدىغان كىشىلەر تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. ئەگەر مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە - ساقلىقنى ساقلاش خىز- مىتى ياخشى ئىشلەنمىسە، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلاملىقى ئەۋلاتمۇ - ئەۋلات ياخشىلانماي، بەلكى ئەۋلاتمۇ - ئەۋلات ناچارلىشىپ بىرخىل ئاپەتكە ئايلىنىدۇ. بۇنداق بولغاندا بىز مائارىپچىلار تارى- خىي جاۋاپكارلىققا تارتىلىمىز. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن سۈپىتى ۋە سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولمىغان- لىقى ئېغىر ئەھۋال بولمىسا كېرەك. ھازىر مۇنداق ئىككى خىل كەمچىلىك، يەنى ئېغىراقنى كۆرەل-

مەسىلىكىنىڭ ئېغىر بولۇشى ۋە ئېرۋا ئاجىزلىقىغا گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ كوپ بولۇشى بىر قەدەر گەۋدىلىك. كېيىنكى بىر خىلى ئالى مەكتەپلەردە بىر قەدەر ئېغىر. بۇ ئىككى خىل كېسەل ئوقۇغۇچىلارنىڭ "كەسپىي كېسلى" بولۇپ قالماقتا. دەرۋەقە، يەنە باشقا بەزى يۇقۇملۇق كېسەللەرمۇ بار، مەسىلەن، جىگەر يالluغى قاتارلىقلار، بۇ ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتىكى مەسىلىلەر ئەلۋەتتە.

نۇۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەكتەپلەر تەنتەربىيە - ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىنى ھەقىقەتەن چىڭ تۇتۇپ ئىشلەۋاتقان ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ سانى ئانچە كوپ ئەمەس. خۇددى بەزى يولداشلار تەنقىتلەپ كورسەتكىنىدەك، "ئېغىزدا مۇھىم دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئانچە ئەمەس، ئالدىرىغاندا كارى بولمايدۇ" بۇ خىل ئەھۋال بىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بەزى يولداشلىرىمىزنىڭ مەكتەپ تەنتەربىيە - ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىگە يېتەرلىك كوڭۇل بولمەيۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ يىراقنى كورەلمەيۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز چوقوم ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ خىزمەتلەرنى پۇختا ۋە ياخشى تۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن سۈپىتى ۋە سالامەتلىكى ياخشى بولماسلىقتەك ۋەزىيەتنى ئوزگەرتىشىمىز لازىم.

## مەكتەپ باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى توغرىلاپ، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاكجېنىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرايلى

يولداش خۇياۋباڭ پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىدىكى سىياسى دوكلاتىدا: "تىرىشىپ يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش" مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئومۇمەن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتكە ئايرىش مۇمكىن. تەنتەربىيە - ساقلىقنى ساقلاش بولسا، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم بىر مەزمۇن. مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلىرىمىز ئىستىراتېگىيىلىك تونۇشقا ئىگە بولۇشى، يىراقنى كورۇشى كېرەك. مائارىپ ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرىدۇ، ئۇنىڭ بىر قېتىم دەۋر قىلىشى ئۈچۈن خېلى ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ. ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىر ئىختىساسلىق كىشىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن 10 نەچچە يىل ۋاقىت كېتىدۇ، يۇقۇرى دەرىجىلىك بىر ئىختىساسلىق كىشىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن 20 نەچچە يىل ۋاقىت كېتىدۇ. دولەت مۇنداق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەم كۈچى ۋە ماددى كۈچنى سەرپ قىلىدۇ، شۇڭا مەكتەپ باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى توغرىلاپ پارتىيىنىڭ مائارىپ فاكجېنىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرمىغاندا، مائارىپ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. ناۋادا تەربىيىلەپ چىققان كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقى ياخشى بولمىسا، خىزمەتنى داۋاملاشتۇرالمىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ نېمە كېرىكى بولسۇن.

نۆۋەتتە نوقۇل ھالدا يۇقۇرى مەكتەپلەرگە چىقىش نىسبىتىنى قوغلىشىش خېلى ئومۇمى ئەھۋال بولۇپ تۇرماقتا. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىمتىھان بېرىپ ئالى مەكتەپكە ھەقىقەتەن كىرەلەيدىغانلار ھامان ئاز سانلىنى تەشكىل قىلىدۇ، كوپ ساندىكىلىرى بولسا، كەسپىي تەربىيىگە يۈزلىنىشى كېرەك. مەيلى يۇقۇرى مەكتەپكە چىقسۇن ياكى ئىشقا ئورۇنلاشسۇن، ساغلام

بەدەن بولمىسا قانداق قىلىپ ئۆگىنىش ياكى خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغىلى بولسۇن؟! ھازىر ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەتىل ۋاقتى قىسقا بولۇپ قالدىمۇ - يوق، تەتقىق قىلىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە دەسسىتىشكە بولمايدۇ. تەنتەربىيە، مۇزىكا ۋە گۈزەللىك تەربىيىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پۈتكۈل تەلىم - تەربىيە خىزمىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم مەزمۇنلار بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي ئەمگەك جەريانىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ، ئەخلاقىي، ئەقلىي تەربىيىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تەنتەربىيە دەرسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ دەپ قارىماستىن، بەلكى ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ئويلىشىش لازىم.

ئايرىم مەكتەپلەر نوقۇل ھالدا يۇقىرى مەكتەپكە چىقىش نىسبىتىنى قوغلىشىپ، ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلارنى تۇتۇپ، كۆپ ساندىكىلەرنى تاشلاپ قويۇۋاتىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس. بۇندىن كېيىن بىر مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە باھا بەرگەندە، يالغۇز يۇقىرى مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاز - كۆپلىكىگە قارىماستىن، بەلكى ئەتراپلىق ئۆلچەش كېرەك. ئۇلار تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىنكى سىياسى - ئىدىيە جەھەتتىكى ئىپادىسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، كەسپى ئىقتىدارى، بەدەن سۈپىتى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىغا قاراش لازىم. يىغىپ ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسىگە قاراش كېرەك. نوقۇل ھالدا يۇقىرى مەكتەپكە چىقىش نىسبىتىنى قوغلىشىش ئەڭ كىچىك تۆھپە قوشۇش جۈملىسىگە كىرىدۇ. بەزى مەكتەپلەر جەمئىيەتنىڭ بېسىمى بار دېيىشىدۇ. ئېھتىمال بۇ بېسىم پەقەت بىر قىسىم ئائىلىلەردىنلا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، كۆپ ساندىكى ئائىلە باشلىقلىرى ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. بىز جىددى تەدبىر قوللىنىپ نوقۇل ھالدا يۇقىرى مەكتەپلەرگە چىقىش نىسبىتىنى قوغلىشىدىغان ئەھۋاللار بىلەن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. مەكتەپلەر تەنتەربىيە - ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، بىر يۈرۈش ئىلمىي باھالاش ئۆلچەملىرىنى تەدرىجى يولغا قويۇش مۇشۇنداق ھادىسىلەر بىلەن كۈرەش قىلىشتىكى بىرخىل ئۇسۇل ھەم ۋاستىدۇر. مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار شۇنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، مەكتەپ تەنتەربىيە - ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىنى ئوبدان يولغا قويۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن سۈپىتى ۋە سالامەتلىكىنى ياخشىلاش مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، تەلىم - تەربىيە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن لاياقەتلىك ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز كېيىنكى ئەۋلاتلارغا مەسئۇل بولۇشىمىز لازىم.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن سۈپىتى ۋە سالامەتلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتە پەقەت تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىغا ۋە ساقلىقنى ساقلاش خادىملىرىغىلا يۆلىنىۋېلىشقا بولمايدۇ. مەكتەپنىڭ سىياسى - ئىدىيىۋى خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان خادىملىرىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن سۈپىتى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىغا ئەھمىيەت بېرىشى، ئوقۇتۇشنى تۇتىدىغان خادىملارمۇ ئەقلىي تەربىيىنىلا تۇتماي، بەلكى باشقا جەھەتتىكى مەسىلىلەرنىمۇ، مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش سېلىقىنى يەڭگىللىتىش قاتارلىقلارنىمۇ ئويلىشىشى، ئارقا سەپ خىزمىتىمۇ كاپالەتلەندۈرۈلىشى لازىم. شۇڭا، مەكتەپ باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى توغرىلاپ، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاش-

تۇرۇپ، بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن سۈپىتى ۋە سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە سەپەرۋەر قىلىپ، ھەر قايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئىككى "ۋاقىتلىق بەلگىلىمە"نى ئەمەلدە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن سۈپىتىنى ياخشىلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

## مەكتەپ تەنتەربىيىسى يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە «ئۈچنى ئاساس قىلىش» تا چىڭ تۇرۇشى لازىم

مەكتەپ تەنتەربىيىسى يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە "ئۈچنى ئاساس قىلىش" تا، يەنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن سۈپىتىنى ياخشىلاشنى ئاساس قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇشنى ئاساس قىلىش ۋە داۋاملىق چېنىقىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى لازىم. مەكتەپ تەنتەربىيە خىزمىتىدە ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى كۆپ. ھەر قايسى خىزمەتلەر مۇۋاپىق مۇناسىۋەتتە ئۆز ئارا باغلىنىشى كېرەك. مۇناسىۋەتلەر ياخشى بىر تەرەپ قىلىنسا خىزمەتلەرنىمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ. "ئۈچنى ئاساس قىلىش" دەپ ئېيتساق بولامدۇ - يوق، ئەلۋەتتە مەكتەپتىكى يولداشلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىش كېرەك. ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىدە ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىشىمىز لازىم. شۇڭا ساقلىقنى ساقلاش خادىملىرى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتى جەھەتتىكى ئوبدان مەسلىھەتچىسى بولۇشى كېرەك.

## مەكتەپ تەنتەربىيە - ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتى كۈچلۈك تەشكىللىك كاپالەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك

مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە - ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتى كۈچلۈك تەشكىللىك كاپالەتكە ئىگە بولمىسا، ئىككى "ۋاقىتلىق بەلگىلىمە" نى ئەمەللەشتۈرۈش ناھايىتى قىيىنغا توختايدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن سۈپىتى ۋە سالامەتلىكىنى ئۆستۈرۈشمۇ قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

سىنىپ مۇدىرلىرى تەنتەربىيە - ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىنى تۇتۇشى كېرەك. مەسىلەن، يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ ئىشنى مەكتەپكە كىرىشنىڭ ئالدىدىن باشلاپ تاكى ئالىي مەكتەپكىچە "يىلمۇ - يىل، ئايمۇ - ئاي، كۈندە تۇتۇش" قا توغرا كېلىدۇ. سىنىپ مۇدىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب ئوقۇش قىياپىتىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى بايقىغان ھامان ئۇنى دەرھال تۈزىتىشى، 3 ئايدا بىر قېتىم كۆز قۇۋۋىتىنى تەكشۈرۈپ، مەسىلە سېزىلسە سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ، مەكتەپ ۋە ئائىلە باشلىقلىرى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا مۇناسىۋەتلىشىشى ۋە ماس تەدبىرلەرنى قوللىنىشى كېرەك. بۇنداق قىلمىغاندا يىراقنى كۆرەلمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ.

ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ھەپتىسىگە ئىككى سائەت تەنتەربىيە دەرسى ئۆتۈش ئازلىق قىلامدۇ - يوق، قانداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش - قورامى، فىزىئولوگىيىلىك، پسىخىك

ئالاھىدىلىكلىرىگە ماسلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈش لازىم. شەرت - شارائىتى يار بەرگەندە ئالىي مەكتەپلەر 2 - يىللىقتىن كېيىن يەنە داۋاملىق تەنتەربىيە دەرسى ئۆتۈشنى، دەرس ئىچى بىلەن دەرس سىرتىنى بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇشى كېرەك. ئالىي مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىلى تەنتەربىيە دەرسىنى ئۆتمىسىمۇ بولىدۇ. ئومۇمەن، ياشلاردا داۋاملىق بەدەن چېنىقتۇرۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش لازىم. دەرۋەقە، بۇ يەردە ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچى شارائىتى مەسىلىسى مەۋجۇت. ئوقۇغۇچىلار تەنتەربىيە دەرسىدە لاياقەتسىز بولسا، مەكتەپ پۈتتۈردى دەپ ھېساپلىماسلىق، ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى بەرمەسلىك، پەقەت مەكتەپتە ئوقۇغانلىق گۇۋاھنامىسىنىلا بېرىش كېرەك. مەكتەپ پۈتتۈرۈش، يۇقىرى مەكتەپكە چىقىش، خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن سۈپىتى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك. شۇڭا ئوقۇغۇچىلاردىن مەكتەپتىكى مەزگىلىدىلا تەنتەربىيىنىڭ لاياقەتلىك ئۆلچىمىگە يېتىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئالىي مەكتەپلەردە بىرەر مەكتەپ مۇدىرىنىڭ تەنتەربىيە - ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىشى بىلەنلا بۇ خىزمەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئىلمىي باشقارمىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن ساغلاملىقىنى تۇتىدىغان مەخسۇس بىر مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولۇشى كېرەك.

ئوتتۇرا مەكتەپ ئىلمىي بۆلۈملىرىدە ئوقۇتۇش ۋە يېتەكچىلىكنى تۇتىدىغان ئادەم بولۇپلا قالماي، بەلكى تەنتەربىيىنى تۇتىدىغانمۇ ئادەم بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تەنتەربىيە ئىنسپېكتورى قويۇشنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. ئۇ خادىم ھەم مەكتەپ مالىيە زاپخوزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك بولۇپ مەكتەپ رەھبەرلىك بەنزىسىگە قاتنىشىدۇ ھەم مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى دەرىجە ئاتلاپ يۇقىرى رەھبەرلىككە ئىنكاس قىلالايدۇ. تەنتەربىيە ئىنسپېكتورىنى شىتاتىنىڭ سىرتىدىكى خادىملار ئىچىدىن تاللاپ تەربىيىلەپ، تەنتەربىيە - ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرىنى ئىگەللىگەندىن كېيىن بۇ خىزمەتكە قويۇشقا بولىدۇ. بۇ ئىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشنى ئويلىشىپ كۆرۈش كېرەك.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن سۈپىتى ۋە سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىكى ئەھۋاللارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، سەۋەبلىرىنى ئېنىقلاپ، ماس تەدبىر قوللىنىش ھەمدە ئالدى بىلەن بەزى مەكتەپلەردە ئۇنى سىناق قىلىش كېرەك. ئەگەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن سۈپىتى ۋە سالامەتلىكى ياخشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆگىنىش سۈپىتىمۇ يۇقىرى بولسا، ئۇنداقتا بىزنىڭ خىزمىتىمىز كىشىلەرنى تېخىمۇ قايىل قىلالايدۇ. مۇشۇنداق ئىشلىسەك ئەمەلىيرەك بولىدۇ. ئالدى بىلەن نۇقتىدا سىناق قىلىش، تەدرىجىي كېڭەيتىش، ئاخىرىدا مائارىپ قانۇنى تۇرغۇزۇش شەكلى ئارقىلىق، مۇقىملاشتۇرۇش، مەركەزگە يوللاپ گۇۋۇيۈەننىڭ تەستىقلاپ تارقىتىشىغا سۇنۇش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا ئاندىن مەكتەپ تەنتەربىيە - ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىنى بىر قەدەر كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

# مەكتەپ تەنتەربىيە-ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىنى قاناتيايدۇرۇش ئۈچۈن زورۇر شەرت-شارائىت يارىتىش لازىم

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن سۈپىتى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىنى ياخشىلايمىز دەيدىكەنمىز، ئۇ ھالدا تەنتەربىيە-ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىنى قاناتيايدۇرۇشتا زورۇر بولغان شەرت-شارائىت يارىتىشىمىز كېرەك. دەرسلىك، دەرسنىڭ تەسىس قىلىنىشى، مەيدان ئۈسكۈنىلىرى، ساقلىقنى ساقلاش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن بىر قاتار ئاساسىي تەلەپلەرنى قويۇش كېرەك. لېكىن مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىزلىكىنى، مەكتەپلەر ئارىسىدىكى شەرت-شارائىت پەرقىنىڭ زورلىقىنى، ھەر بىر مەكتەپنىڭ ھەممىسىدە ئۆلچەملىك مەيدان بولۇشىنىڭ ناھايىتى قىيىنلىقىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. بىز شەھەرلەردىكى تەنتەربىيە مەيدانى ۋە تەنتەربىيە زاللىرىنى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئېچىپ بېرىشنى، ھەرقايسى رايونلار (شەھەر رايونلىرى)نىڭ بىردىن تەنتەربىيە پائالىيەت مەركەزلىرىنى قۇرۇشنى چاقىرىق قىلىشىمىز لازىم. مەكتەپلەرنىڭ كېكىنا، ساقلىقنى ساقلاش خىزمەتلىرىدە شىنيائىنىڭ تەجرىبىسى ناھايىتى ياخشىكەن. ئۇنى كېڭەيتىشكە بولىدۇ.

مەكتەپلەر خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغاندا ئەگەر سالامەتلىككە زىت ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىپ قالسا «سالامەتلىك بىرىنچى» دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قاناتيايدۇرۇش مۇقىم ۋاقىت كاپالىتىگە ئىگە قىلىنىشى لازىم. باشقا دەرسلەردىن ئازايتىشقا تېگىشلىكلىرىنى ئازايتىش كېرەك. بەدەن ئەقلىي تەربىيە بىلەن ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ ماددىي ئاساسى. ساغلام بەدەن بولمىسا، ئەخلاقىي، ئەقلىي جەھەتتە ھەرقانچە ياخشى بولغاندىمۇ، سوتسىيالىزىم ئۈچۈن خىزمەت قىلغىلى بولمايدۇ.

ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسىنىمۇ ئالاھىدە ياخشى تۇتۇش لازىم. ھازىرقى ئەھۋالدىكىدەك بەزى ئورۇنلار 30 يىل، 50 يىل ھەتتا 100 يىلدا ئاندىن ئۆز تەۋەسىدىكى تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنى تولۇقلايدىغان بولسا، بۇمۇ بىر مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىنىڭ تەنتەربىيە پاكولتېتى، بۆلۈم، سىنىپلىرىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سانىنى كۆپەيتىپ، تېخىمۇ كۆپلىگەن لاياقەتلىك تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىز كېرەك. ئىسپورتچىلارنى ئوقۇتقۇچى قىلىشقا توغرا كەلسە ئۇلارنى ئالدىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش لازىم. ھازىرقى ياش تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەشنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ كەسپ قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

---

## تەربىيىلەنگەن كىشىلەرنىڭ ئۆلچىمى

چەتئەلدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، تۆۋەندىكى بىلىم ئۆلچىمىگە ئىگە بولغانلار تەربىيىلەنگەن كىشى بولۇپ ئاتىلىدىكەن.

(1) ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان، ھېسابلىيالايدىغان بولۇش؛

(2) دۇنيا تارىخى، جۇغراپىيىسى توغرىسىدا ئاساسلىق بىلىمگە ئىگە بولغان بولۇش؛

(3) پەننى ئۇسۇلنى چۈشەنگەن، فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە ئىلمى ۋە ئىنسانىيەت ئىلمى توغرىسىدىكى ئاساسلىق بىلىملەرگە ئىگە بولغان بولۇش؛

(ئاخىرى 25 - بەتتە)

# يولداش جانابىلىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېچىلغان "بەش بولۇش، توت گۈزەل" پائالىيىتىدە ئۈلگە كورسەتكۈچى ئىلغارلار ۋەكىللىرى يىغىنىدا سوزلىگەن سوزى

(قىسقارتىلمىسى)

ئاپتونوم رايونىمىزدا "بەش بولۇش، توت گۈزەل" پائالىيىتىدە ئۈلگە كورسەتكۈچى ئىلغارلار ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلىۋاتقان پەيتتە مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هوكۇمىتىگە ۋاكالىتەن يىغىنغا ئىشتىراك قىلغان بارلىق ۋەكىللەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! شىنجاڭدىكى بارلىق مائارىپ خادىملىرىدىن سەمىمى هال سورايمەن!

بۇ قېتىمقى يىغىن ئاپتونوم رايونىمىز مائارىپ سېپى بويىچە مىسلى كورۇلمىگەن ئەنتەنىلىك يىغىن. بۇ قېتىمقى يىغىن ئاپتونوم رايونىمىزدا "بەش بولۇش، توت گۈزەل. ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مەكتەپلەردىكى هەر خىل خىزمەتلەرنى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە. مەن يىغىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن!

ئاپتونوم رايونىمىزدا "بەش بولۇش، توت گۈزەل" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان ناهايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئىلغار كوللېكتىپ بارلىققا كەلدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئەنە شۇلارنىڭ كوزگە كورۈنگەن ۋەكىللىرى. بۇ ئىلغار شەخسلەر ۋە ئىلغار كوللېكتىپ پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى، يەنى ئۇلار هەم بىلىم بېرىپ، هەم ئادەم تەربىيىلەپ، ياش ئەۋلادلارنى كوممۇنىزىملىق ئىدىيە بىلەن قەتئىي تەۋرەنمەي تەربىيىلەشتە چىڭ تۇردى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇهىم توهپە قوشۇپ، جەمىيەت كەيپىياتىنى ئوزگەرتىشتە ئاكتىۋال رول ئويناپ، ياخشى تەسىرلەرنى قالدۇردى. مانا بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىمىزنىڭ ناهايىتى ئوبدان ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ پارتىيىنى، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى، خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى، خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا چەكسىز سادىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مۇهىم توهپىسىنى پارتىيە ۋە خەلق مەڭگۈ ئۇنۇتمايدۇ، بىزنىڭ ياش ئەۋلادلىرىمىزمۇ ئوزلىرىنىڭ ساغلام ئوسۇپ يېتىلىشىدە ئەمگەك سىڭدۈرگەن ياخشى ئۇستاز، ئىسىل دوستلىرىنى هەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

بۇ قېتىم تەقدىرلەنگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار يىغىن تەقدىرنامىسىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ۋىلايەت (ئوبلاست)، شەهەر دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى تەمىناتىدىنمۇ بەهرىمەن بولىدۇ، بىز يەنە بۇ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرىنى، ئىلغار ئىش ئىزلى

رىنى كەڭ نەشىر قىلىشىمىز، ھەر مىللەت ئىشچىلىرىنى، دېھقان، چارۋىچى ۋە كادىرلىرىنى تەشكىللەپ، بۇ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلاردىن ئۆگىنىشكە سەپەرۋەر قىلىشىمىز، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قوللاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

يولداش خۇياۋباڭ پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيىغا بەرگەن دوكلاتىدا: «ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، بولۇپمۇ مەملىكەت بويىچە يېزىلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ خىزمىتى ئىنتايىن جاپالىق ھەم ئىنتايىن ئالىيجاناپ خىزمەت، كېيىنكى ئەۋلات پۇقرالارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانى جەھەتلەردىن ئۇسۇپ يېتىلىشى ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە: «بالىلار باغچىسىدىن تارتىپ تەتقىقاتچىلار مەكتىۋىگىچە قەدەر ھەر دەرىجىلىك ۋە ھەر خىل مەكتەپلەردە ئىشلەۋاتقان مائارىپ خادىملىرى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان» دەپ كۆرسەتتى. ئاپتونوم رايونىمىزدا 200 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى ۋە ئىشچى، 3 مىليوندىن كۆپ ئوقۇغۇچى بار، بۇلار پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئومۇمى ئاھالىنىڭ $\frac{1}{4}$ نى تەشكىل قىلىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭدىكى 3 مىليوندىن كۆپ ئوقۇغۇچىنى يارامىلىق كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە، مۇشۇ 200 نەچچە مىڭ مائارىپ خادىملىرىغا تايىنىمىز. مانا بۇ، بىزنىڭ خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ زىممىسىدىكى يۈكنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى، بىر خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇشنىڭ نەقەدەر شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ياش-ئۆسمۈرلىرىنىڭ ساغلام ئۇسۇپ يېتىلىشى خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە باغلىق، بۇ، ناھايىتى زور دەرىجىدە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سەۋىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، شۇڭا بىز خۇددى لېنىن تەلىم بېرىپ ئېيتقاندەك: «مەملىكىتىمىزدىكى خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئورنىنى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان، بۇرژۇئا جەمئىيىتىدە بولمىغان ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان يۈكسەك ئورۇنغا كۆتىرىشىمىز كېرەك». شۇنداق بولغاندا، پۈتۈن جەمئىيەت زىيالىيلارغا، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىغا ھۆرمەت قىلىشتەك ئوبدان كەيپىيات يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇستازلارغا ھۆرمەت قىلىشتەك ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنى كەمسىتىدىغان ھەر قانداق ئىدىيە ۋە ئىش كۆرۈشلەرنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن خاتا. خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنى كەمسىتىدىغان، ھاقارەتلەيدىغان ۋە ئۇرۇدىغان ئىشلارغا قاتتىق چارە كۆرۈلۈشى، ۋەقە تۇغدۇرغۇچىلار ھەتتاكى قانۇن ئالدىدا جاۋاپكارلىققا تارتىلىشى، ئۇلارغا قىلچىمۇ يول قويۇلماسلىقى كېرەك.

پارتىيە 11 - قۇرۇلتىيى 3 - ئومۇمى يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز زىيالىيلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتىرىش جەھەتتە، نۇرغۇنلىغان زور ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. زىيالىيلارنىڭ سوتسىيالىزىم قۇرۇشتا تايىنىدىغان كۈچ ئىكەنلىكى يېڭى ئاساسىي قانۇندا قانۇنى يوسۇندا مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، زىيالىيلارنىڭ خىزمەت شارائىتى ۋە ماددى تەمىناتىنى ياخشىلاش جەھەتتىمۇ ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلدى. زىيالىيلار سىياسىتىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇش ھەم ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتىرىش، ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ئۇدا تىرىشىپ ياخشىلاش پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس فاڭجېنى، بۇنىڭدا قىلچە شۈبھە يوق. لېكىن، يەنە بىر مۇھىم تەرەپ باركى، ئۇ بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتىرىلىشى ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ تىرىشىشىغا باغلىق،

ئۇلار ئاجايىپ ئۈلگىلىك خىزمىتى، ئالىجاناپ ئۇستازلىق ئەخلاقى، «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتىدە ئۈلگە بولۇشتەك نەمۇنىلىك ئىش ـ پائالىيىتى ئارقىلىق، بەزى كىشىلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلار توغرىسىدىكى بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىززەت ـ ئىكرامىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. مانا بۇ، ھەر بىر ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ ئۆزلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۇستۇرۇپ، تولۇقلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۆزلىرىنى ھەقىقى تۈردە مول بىلىمگە ئىگە، مائارىپنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىدىغان، ئالىجاناپ ئەخلاقلىق، ئولچەمگە لايىق ئوقۇتقۇچىلاردىن قىلىپ چىقىش، تەلىم ـ تەربىيە ئەمەلىيىتىدە ئۆزلىرىنىڭ ئاجىز ۋە يېتىشمىز جايلىرىنى تۈگىتىپ، ھەم قىزىللىشىپ ھەم ئىختىساسلىشىپ «خەلق ئوقۇتقۇچىسى» دىگەن شەرەپلىك نامغا مۇناسىپ ئىش قىلىشلىرى كېرەك.

تۆۋەندە مەن بىر نەچچە تۈرلۈك ئۈمىدىمنى ئىزھار قىلىپ، يولداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

بىرىنچى، پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا باشتىن ـ ئاخىر ئېغىشماي سادىق بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تەربىيىلىشى ھەم ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. بۇ، بىر خەلق ئوقۇتقۇچىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەممىدىن مۇھىم ھەم ئەقەللىي شەرت، شۇنداقلا بىزنىڭ خەلق ئوقۇتقۇچىمىزدا بولۇشقا تېگىشلىك ئاساسىي ئەخلاقىي قائىدە. پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولغاندىلا، دولەت، خەلق ۋە كوممۇنىزم ئىشلىرىدىن ئىبارەت چوڭ ۋەزىيەتنى چىقىش قىلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش خىزمىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلالايدۇ؛ جاپاغا چىداپ ئۆگىنىپ، ئۆز بىلىمىنى ئاشۇرۇشتا قەتئىي بولۇپ، تىرىشىپ ئالغا بېسىپ، ئۆز كەسپىگە پىششىق بولالايدۇ؛ نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشاش جاپالىق تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى ھاردىم ـ تالدىم دىمەي تىرىشىپ ئىشلەپ، ئۇنىڭدىن كوزگە كورۈنەرلىك نەتىجە يارىتالايدۇ.

ئوقۇغۇچىنى قىزغىن سۆيۈش ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇرچى ۋە ئەڭ قىممەتلىك پەزىلىتى، تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى. ئوقۇغۇچىنى ئۆز بالىسىدەك قىزغىن سويگەندىلا، ئۆزىنىڭ بارلىق ئەقىل ـ پاراستىنى مائارىپ ئىشىغا بېغىشلاپ، ئۇنىڭدىن ياخشى نەتىجە ھاسىل قىلالايدۇ.

ئىككىنچى، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش خەلق ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتى. شۇڭا، ئۇلار ھەم بىلىم بېرىپ، ھەم ئادەم تەربىيىلەپ، ھەممە ئوقۇغۇچىغا مەسئۇل بولۇشى، جەمئىيەت ئالدىدا مەسئۇل بولۇشى، پۈتۈن ئوقۇغۇچىنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتىن ئەتراپلىق تەرەققى قىلدۇرۇپ غايىلىك، ئەخلاقلىق، ئىلىم ـ بىلىمگە ئىگە، تەرتىپ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، جەمئىيەتكە چىققاندا ئولچەمگە لايىق ئەمگەكچىلەردىن بولالايدىغان كىشىگە ئايلاندۇرۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا بىزنىڭ ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئادەمنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئۈلگە بولۇشى كېرەك. خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولغان كىشىنىڭ ئىدىيىسى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى، ئىستىلى، مىجەز ـ خۇلقى، سوزى، كىيىنىشى تەربىيە ئوبيېكتىغا ھامان تەسىر كورسىتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ھەممىدە ئوزى ئاۋال نەمۇنە بولۇش، ئۈلگە كورسىتىش خەلق ئوقۇتقۇچىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ناھايىتى مۇھىم. نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلىرىمىزدا بۇ جەھەتتە چوڭقۇر تەسىراتلار بار. بىزنىڭ ھەر بىر ئوقۇتقۇچىمىز «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» جەھەتتىكى نەمۇنىلىك پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا تەربىيە بېرىشى ۋە تەسىر كورسىتىشى، سوزى بىلەن ھەركىتى ئارقىلىق تەربىيە بېرىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىنىڭ ئۈلگىسى بولۇشى، ئەينى ۋاقىتتا يەنە جەمئىيەتنىڭ مە-

يېڭى مەدەنىيەت جەھەتتە ئۈلگە بولۇپ، جەمىيەت كەيپىياتىنى ئۆزگەرتىش كۈرىشىدە ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

تۆتىنچى، خەلق ئوقۇتقۇچىسى مۇئەللىم بولۇپلا قالماستىن، ئوقۇغۇچىسىمۇ بولۇشى كېرەك. ئىشچىلاردىن، دېھقانلاردىن ئۆگىنىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئىدىيىسىنى تىكلەپ، نامرات يېزا، چەت - ياقا يەرلەردە يىلتىز تارتىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئۆزىنى ئەشۇ جايلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئاتاپ قويۇشى كېرەك. بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، بۇ يەردە كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بەزى جايلارنىڭ، خۇسۇسەن، چەت - ياقا رايونلار، نامرات دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مائارىپى ناھايىتى ئارقىدا قالغان، ئۇ يەرلەرنىڭ ئىقتىسادىمۇ تەرەققىي قىلمىغان. ئۇ يەرلەرگە تېخىمۇ كۆپلىگەن يولداشلارنىڭ بېرىشىغا، ئۇ يەرلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر شەھەردىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمەيدىغان، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىشنى خالىمايدىغان ئەھۋاللار بار، بۇ توغرا ئەمەس. بىز بىلىملىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ يېزىلارغا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا، ئوقۇتقۇچىلار ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلارغا بېرىپ، شۇ يەرلەردە يىلتىز تارتىپ، ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىشىنى، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئەشۇ جايلاردىكى خەلققە بەخت - سائادەت يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇنى تەكىتلەپ كۆرسىتىش كېرەككى، "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان چېغىمىزدا، ياش ئەۋلادلارغا، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا چوقۇم، قەتئىي ۋە ئۈزلۈكسىز تۈردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلىپ بېرىلىدىغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم مەزمۇنى. كەڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئىشىنى ئۆزلىرىنىڭ شانلىق بۇرچى دەپ بىلىشى، ئۆزلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر بىر مەكتەپنى "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" نىڭ باغچىسىغا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ باغچىسىغا ئايلاندۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى تيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ئېچىلدۇرۇۋېتىشلىرى كېرەك.

"بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشتىكى زور بىر ئىش، بۇ ئاممىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى كوممۇنىزملىق ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەشنىڭ ئوبدان شەكلى، شۇنداقلا، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭمۇ مۇھىم مەزمۇنى. ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەر بۇ پائالىيەتنى ئۇزاققىچە، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئۇنى تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇشى، مۇنتىزىملاشتۇرۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى بۇ پائالىيەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، ھەر دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرى ئورۇنلىرى، مائارىپچىلار ئۇيۇشمىلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى ئۆز ئارا زىچ ماسلىشىپ، بۇ پائالىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇنى قوللىشى، شۇ ئارقىلىق بۇ پائالىيەتنى پۇختا قانات يايدۇرۇۋېتىشلىرى لازىم.

مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى ھەم بىلىم بېرىش، ھەم ئادەم تەربىيىلەشتەك بۇ ئالىيجاناپ ئىشقا چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسەت ۋە تالانتىنى تەقدىم قىلىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش يولىدا تېخىمۇ زور خىزمەت كۆرسىتىپ، ئۇلۇغ تۆھپە يارىتالايدۇ.

# ئاپتونوم رايونلۇق "بەش بولۇش، توت گۈزەل" پائالىيىتىدە ئۈلگە كۆرسەتكۈچى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

نۇر تېيىپ

(1983 - يىل 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى)

ئاپتونوم رايونىمىزدا تۈنجى قېتىملىق "بەش بولۇش، توت گۈزەل" پائالىيىتىدە ئۈلگە كۆرسەتكۈچى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ چاقىرىلغانلىقى رايونىمىز مائارىپ سېپىدىكى خۇشاللىنارلىق زور ئىش، ئۇ، مۇھىم سىياسىي ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. ئۇ، مۇقەررەر ھالدا رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەردە "بەش بولۇش، توت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىدا، تەلىم - تەربىيە، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىغۇسى. مەن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىگە ۋاكالىتەن يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەردىن سەمىمىي ھال سورايمەن ۋە سىلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى شەھەر، يېزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا جەڭگىۋارلىق بىلەن ئىشلەۋاتقان ھەر مىللەت مائارىپ خىزمەتچىلىرىگە چىن قەلبىمدىن سالام يوللايمەن! بارلىق ۋەكىللەرنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىن روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەللەشتۈرۈپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىزگە قىلغان غەمخورلۇقى ۋە بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىگە ئۆز ئەمەلىي ھەركىتى ئارقىلىق جاۋاپ قايتۇرۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

تۆۋەندە رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مائارىپ خىزمىتىدىكى بىر قانچە مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە بەزى پىكىرلىرىمنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

## 1 . رايونىمىز مائارىپ سېپىنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىسى

"توت كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، رايونىمىزنىڭ مائارىپ سېپىدە "ئىككى مولچەر" نى پېپەن قىلىش، سولچىل خاتالىقنى تۈزىتىش، ئۇۋال قىلىنغان، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى پىڭفەن قىلىش، پارتىيىنىڭ زىيالىلار سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەللەشتۈرۈش ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي ئورنى، ئىقتىسادىي ئورنى ئۆستى ۋە ياخشىلاندى. كەڭ ئوقۇتقۇچىلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەپ، رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت

تۇت سوزلۇك فاڭجېنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەكتەپلەرنىڭ جايلىشىشىنى تەڭشىدۇق.
گۇڭشېلاردا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە يېڭىدىن
قۇرۇپ، ئۇلارنى يېزىلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تايانچ كۈچىگە ئايلاندۇردۇق. چارۋىچىلىق
رايونلىرىدا كۆپ خىل شەكىلدە مەكتەپ باشقۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ياتاقلىق مەكتەپلەرنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە يېڭىدىن قۇرۇپ، ياتاقلىق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر سانىنى 291 گە،
ئوقۇغۇچىلار سانىنى 52057 گە يەتكۈزدۇق. باللار مائارىپىمۇ راۋاجلىنىپ، پۈتۈن رايونىمىز بو-
يىچە 685 ئورۇندا باللار باغچىسى قۇرۇلدى، باللار باغچىلىرىدىكى باللار سانى 79377 گە يەت-
كۈزۈلدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئالىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىمۇ ناھايىتى تېز بولدى. ئا-
لىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 1978 - يىلدىكى 10213 تىن تەرەققىي قىلىپ 1982 -
يىلى 16191 گە يەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نىسبىتى 1978 -
يىلدىكى 48.9% تىن كۆتۈرۈلۈپ 57.8% كە يەتتى. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردىن باشقا، رايو-
نىمىزدا يەنە 20 ئورۇندا رادىيو - تېلېۋىزىيە داشۆيىسى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر داشۆيىسى، ئىش-
تىن سىرتقى داشۆي، سىرتتىن ئوقۇش داشۆيىسى بار، بۇ مەكتەپلەردە 15537 ئوقۇغۇچى ئوقۇماقتا.

پارتىيە 12- قۇرۇلتىيىدا مائارىپ بىلەن ئىلىم - پەن مەملىكىتىمىز ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ
ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىلىرىنىڭ بىرى قىلىپ بەلگىلەندى. مائارىپنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى
ئورنى ۋە رولىنى بارغانسېرى كۆپلىگەن كىشىلەر تونۇپ يەتمەكتە. ھەر دەرىجىلىك مائارىپ مە-
مۇرى ئورۇنلىرى، ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەر، ھەر بىر مائارىپ خىزمەتچىلىرى
ئۆز زىممىسىگە يۈكلەنگەن شەرەپلىك ھەم مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، بىر نى-
يەت، بىر مەقسەتتە ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ، پارتىيە ۋە خەلق
تاپشۇرغان شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئورۇنلاش يولىدا تىرىشماقتا.

بىرىنچى، تىرىشىپ ئىنقىلاۋىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش لازىم. رايونىمىز ئۇيغۇر مىللىتىنى
ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ مىللەتلىك ئاپتونوم رايونى بولغاچقا، ھەر تەرەپنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى
ياخشىلاش بەكمۇ مۇھىم. قەتئىي بوشاشماي بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە پارتىيە مىللىي
سىياسىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، بارلىق مەكتەپلەرنى مىللەتلەر ئىت-
تىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىلىرىگە ئايلاندۇرۇشىمىز، شۇ ئارقىلىق بارلىق خىزمىتىمىزنىڭ غەلىبىلىك ئېلىپ
بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز ۋە ئۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇش لازىم. 1980 -
يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن «باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇ-
رۇشقا ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار» نى چىقىرىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئو-
مۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىنى 80 - يىللاردا ئورۇنلاپ بولۇشنى تەلەپ قىلدى.
باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن تۆت زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى،
باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش — ئادەتتىكى مائارىپنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ،
ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئەمەلىيەتتە يۈرگۈزۈشكە بولىدىغان پىلانلارنى تۈ-
زۈپ چىقىپ، كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمە-
تىنى چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن تەڭ باللار مائارىپىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇش
كېرەك. نۆۋەتتە، رايونىمىزدىكى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر ئاستا
بولۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشالمايۋاتىدۇ. شۇڭا، ئاپتونوم رايونىمىزدا 1981 -

يېلى چاقىرىلغان مىللىي مائارىپ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر بىر ناھىيىدە ئاز دېگەندە بىر مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپنى ياخشى باشقۇرۇش، گۇڭشېلاردا بولسا، مەركىزىي مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك. تاغلىق رايون، چارۋىچىلىق رايون، نامرات رايونلاردىكى مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى دۆلەت داۋاملىق مالىيە جەھەتتىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدۇ. بىر نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق رايونىمىزنىڭ مىللىي ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپى يېڭى سەۋىيىگە يەتكۈزۈلىدۇ.

تۆتىنچى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش لازىم. رايونىمىزنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسى ئىسلاھاتى بىر نەچچە يىللىق تەييارلىق ۋە ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق دەسلەپكى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. رايونىمىزدا ھازىر 17 ئورۇندا كەسپىي تېخنىكا مەكتىۋى بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 4029 نەپەر. 13 ئورۇندا يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىۋى بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 807 نەپەر. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر قارمىقىدا 98 كەسپىي سىنىپ، يېزا ئىگىلىك سىنىپى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 4118 نەپەر. ئالاقىدار نازارەت، ئىدارە، كومىتېتلار بىلەن بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ، مائارىپ مىنىستىرلىكى قاتارلىق 4 مىنىستىر، كومىتېتنىڭ «شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى» نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، زۆرۈر بولغان خىراجەت، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

بەشىنچى، ئالىي مائارىپ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش لازىم. رايونىمىزنىڭ ئالىي مائارىپى 80 - يىللاردا بىر قەدەر زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ، 1990 - يىلغا بارغاندا مەكتەپلەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1980 - يىلغا قارىغاندا ئىككى قاتلىنىدۇ، 1982 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا 1.4 ھەسسە ئاشۇرۇلىدۇ. ئالىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتا، رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇشىنى مەخسۇس كەسىپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، ئوقۇتقۇچىلار كۈچىنى تولۇقلاش، رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن كۈچەيتىش كېرەك.

ئالتىنچى، چوڭلار مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، رايونىمىزدىكى چوڭلار مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىشتىن ئىبارەت چوڭلار مائارىپ سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە داشۆسى ۋە ئۇنىڭ ھەر قايسى شۆبە مەكتەپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش، ھەم سانىغا كاپالەتلىك قىلغان ھالدا ئىشچى- خىزمەتچىلەر داشۆلىرى، ئىشتىن سىرتقى داشۆلەر، سىرتتىن ئوقۇش داشۆلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇپ، ھەم قىزىللاشقان، ھەم ئىختىساسلاشقان لاياقەتلىك خادىملارنى تېخىمۇ كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك. رايونىمىزدا يەنە ساۋاتسىزلار سانى خېلى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ، شۇڭلاشقا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

يەتتىنچى، ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. رايونىمىزدا ئاپپاراتلارنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىكى بولغان ھالدا باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىلماقتا. ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىدا كادىرلارنى "تولۇقلاشتۇرۇش" تەلىۋى بويىچە، "3 ئۆتكەل" نى چىڭ تۇتۇپ، مائارىپ قانۇنىيىتىنى بىلىدىغان كىشىلەرنى ئۆستۈرۈپ، مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك.

## 2. ئىرىشىپ ھەم قىزىللاشقان، ھەم ئىختىساسلاشقان، لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش لازىم

ھازىر، رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ، باللار باغچىسى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئومۇمى سانى 200 مىڭ كىشىگە يەتتى، بۇ رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئارمىيىسى ئىچىدىكى مۇھىم بىر كۈچ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز پارتىيىنى، سوتسىيالىزىمنى قىزغىن سۆيىدۇ، پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق، زور تۆھپىلەرنى ياراتقان. لېكىن، ئۇرغۇنلىغان كىشىلەر مائارىپ ئىشلىرى تېز تەرەققى قىلىۋاتقان، ئوقۇتقۇچىلار كۈچى يېتىشمەيۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا كىرىپ كەلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خېلى كۆپ ساندىكىلىرى تازا دېگىدەك لاياقەتلىك ئەمەس. شۇڭا بۇ قوشۇننى قانداق قىلىپ ھەم قىزىللاشقان، ھەم ئىختىساسلاشقان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قىلىپ يېتىشتۈرۈش، بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغان ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە.

قانداق قىلغاندا ھەم قىزىللاشقان، ھەم ئىختىساسلاشقان، لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ؟ بىزنىڭچە بۇ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن مۇنداق بىر قانچە جەھەتنى ياخشى تۇتۇش كېرەك:

بىرىنچى، پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. مائارىپ شۆبىۋەنلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرى — ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان مۇھىم بازا، ھەر قايسى ئالىي سىفەن شۆبىۋەن، ئوتتۇرا سىفەن مەكتەپلىرىمۇ ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش جەھەتتە بەلگىلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ تارقاتقان «مائارىپ شۆبىۋەنلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مائارىپ شۆبىۋەنلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇپ، رايونىمىزدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش خىزمىتىنى بىر يېڭى سەۋىيىگە كۆتىرىش لازىم.

ئىككىنچى، ئوقۇتۇش كەسپى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئومۇمەن، پېداگوگىكا، پسىخولوگىيىنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ دەرسنى تولۇقلاپ ئۆگىنىشى كېرەك. ھەر بىر ئوقۇتقۇچى "بەشتە ئەستايىدىل بولۇش" نى، يەنى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئەستايىدىل بولۇش، دەرس تەييارلاشتا ئەستايىدىل بولۇش، دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا ئەستايىدىل بولۇش، فۇداۋ قىلىشتا ئەستايىدىل بولۇش، تاپشۇرۇقلارنى كۆرۈشتە ئەستايىدىل بولۇشنى ئورۇنلاش كېرەك. ھەر بىر ئوقۇتقۇچى دەرسلىكنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، ئوقۇتۇش مېتودى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ئىدىيىۋى - سىياسى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار ئىنقىلاپنىڭ ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۆسمۈرلۈك دەۋر ھەر جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىش دەۋرى، ئۇ كۈچلۈك تەقلىدچانلىققا ئىگە. ئومۇمەن ئالغاندا، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەسىرى بىر قەدەر كۈچلۈك بولىدۇ، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ يەردىكى يولداشلار "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" پائالىيىتىدە ئۈلگە بولغان مۇنەۋۋەر ۋەكىللەر بولغاچقا، بۇ جەھەتتە چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە. بىز پۈتكۈل ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ھەممە كىشى "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" پائالىيىتىدە ئۈلگە بولۇشنى خالايدىغان ياخشى

كەپپىياتنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى چوڭقۇر تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئاڭلىق ھالدا ئىشچى - دېھقانلار ئاممىسى بىلەن بىرلىشىپ، پرولېتارىيات دۇنيا قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، مائارىپ خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

## 3 . ئۆگىنىش مەسىلىسى

تەربىيىلىگۈچىلەر ئالدى بىلەن ئۆزى تەربىيە ئېلىشى لازىم. خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولغان كىشى كەسپكە پىششىق بولۇشى، نۇرغۇن كىتاپلارنى ئوقۇغان بولۇشى، ئىنقىلاۋىي نەزەرىيىلەردىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى، ماركسچە، لېنىنچە دۇنيا قاراشنى تۇرغۇزغان بولۇشى لازىم. شۇڭا تىرىشىپ ئۆگەنمەي بولمايدۇ. بۇ يەردە «دېڭ شياۋپىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» نى ئۆگىنىش ئۈستىدە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتىمەن. «دېڭ شياۋپىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» دا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋەكىللىك قىلغان پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەندە بىزنىڭ پارتىيىنىڭ بۇ ئۇلۇغ بۇرۇلۇش مەزگىلىدىكى تارىخىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تونۇشىمىزغا، 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىن لۇشيەنىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجىنى تونۇشىمىزغا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرا يولىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تونۇشىمىزغا، پارتىيىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ قولغا كەلتۈرگەن يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تونۇشىمىزغا ياردىمى بولىدۇ، ھەر دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرى ئورۇنلىرى، ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەر «دېڭ شياۋپىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» نى ئۆگىنىشكە ھەقىقىي تۈردە ياخشى رەھبەرلىك قىلىشلىرى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ مائارىپ خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار يوليورۇق ۋە قارارلىرىنى ياخشى ئۆگىنىشى كېرەك، بۇنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن پايدىسى بار.

## 4 . "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىنى ئۈزلۈكسىز، چوڭقۇر قانات يايدۇرايلى

رايونىمىز مائارىپ سېپىدە "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغان بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئىلغار شەخسلەر، ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلار كەينى - كەينىدىن مەيدانغا كەلدى، لېي فېڭدىن ئۆگىنىش، جاڭ خەيدىدىن ئۆگىنىش پائالىيىتى ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە چوڭقۇر قانات يېيىپ، مەكتەپلەر قىياپىتىدە يېڭىلىقلار بارلىققا كەلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئىتتىپاقلىقى، سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ئۈزلۈكسىز كۈچەيمەكتە. بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن، يولداشلارنىڭ داۋاملىق تىرىشىپ، كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇپ، ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى ھەمدە تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى يارىتىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

قانداق قىلغاندا "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ؟ مېنىڭچە، تۆۋەندىكىلەرنى ئورۇنلاش كېرەك:

- پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش لازىم. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى، ئاڭلىق، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىگە ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە تايىنىپ، بۇ پائالىيەتنىڭ كېتىپ بېرىش ئەھۋالىنى

ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، بۇ پائالىيەتنىڭ پارتكومنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلۈشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، پارتكومنىڭ بۇ پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرلىرىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قۇلاق سېلىپ ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىپ، پائالىيەتنىڭ ئالغا قاراپ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

مەكتەپ مەمۇرىي رەھبەرلىكى بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۆزئارا زىچ ماسلىشىشى كېرەك. ئۈلگە بولۇش پائالىيىتى — ئاممىۋى خاراكتېرلىق ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەش پائالىيىتى. شۇڭا ئۇ، مائارىپ سېپىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى بولغاچقا، ئۇنى شۇ ئورۇنلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشلىرى كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىكىدە مەمۇرىيەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ كونكرېت تەشكىللىشى، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ زىچ ماسلىشىپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق بۇ پائالىيەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئاساسىي قاتلاملارغا بولغان رەھبەرلىكنى، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى، چەت - ياقا جايلارغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. جايلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغاچقا، پائالىيەتنىڭ قانات يېيىشى تەكشى ئەمەس. شۇڭا ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەي، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا ئىش كۆرۈش كېرەك. پائالىيەتنى بىر قەدەر ياخشى قانات يايدۇرغان جايلار ۋە مەكتەپلەر ئۆزلىرىنىڭ ياخشى تەجرىبىلىرى ۋە ئىش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇپ تۇرسا ئادەتتىكى جايلارنىڭ خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بولىدۇ. جايلار ئارا، مەكتەپلەر ئارا باھالاپ - سېلىشتۇرۇش، تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆزئارا تۈرتكە بولۇپ، ئورتاق يۈكسىلىش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەر كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن، پىلان، ئورۇنلاشتۇرۇش بولۇشىنى، تەشكىلىي رەھبەرلىك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئاڭلىقلىقى ئاساسىدا ئەھدىنامە تۈزۈشنى يولغا قويۇپ، پائالىيەتنى تۈزۈملەشتۈرۈش ۋە دائىملاشتۇرۇش كېرەك.

رەھبىرىي كادىرلار ئاكتىپلىق بىلەن بۇ پائالىيەتكە ئاتلىنىپ، ئۈلگە كۆرسىتىشى، تەلەپچان بولۇپ، ئەتراپىدىكى ئاممىنى باشلاپ مېڭىشى كېرەك. ئومۇمەن، ئوقۇغۇچىلاردىن ئورۇنلاش تەلەپ قىلىنغانلىكى ئىشلارنى ئوقۇتقۇچىلار ئۆزى ئورۇنلىيالايدىغان بولۇشى؛ ئوقۇتقۇچىلاردىن ئورۇنلاش تەلەپ قىلىنغانلىكى ئىشلارنى رەھبەرلىك ئالدى بىلەن ئۆزى ئورۇنلىشى؛ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە بولۇشى تەلەپ قىلىنغان ئىكەن، ئۇ ھالدا رەھبەرلىك ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈلگىسى بولۇشى كېرەك.

يولداشلار، پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈشنىڭ پارلاق يولىنى كۆرسىتىپ بەردى، بىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىمىزغا قارىتا ئىنتايىن شەرەپلىك ھەم مۇشەققەتلىك ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەر بىر مائارىپ خادىمى، بولۇپمۇ خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆز زىممىسىدىكى مۇھىم ۋەزىپىنىڭ يۈكلەنگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، مەكتەپنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم بازىسى قىلىپ، ياش ئەۋلادلارنىڭ گۈزەل قەلبىنى قەتئىي تۈردە كوممۇنىستىك ئىدىيە يادرو قىلىنغان كوممۇنىزم پرىنسىپلىرى، كوممۇنىستىك روھ، ئەخلاقىي كۆزقاراش بىلەن تاۋلاپ چىقىشى لازىم. ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، رايونىمىزدىكى "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن كۈچ قوشايلى.

# تىرىشىپ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا تەشەببۇسنامە

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا ئىككى يۈكسەك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي يېڭى دەۋردە تۇرماقتا. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، بالىلار باغچىلىرىدىن تارتىپ تەتقىقاتچىلار مەكتىۋىگە قەدەر ھەر دەرىجىلىك ۋە ھەرخىل تىپتىكى مەكتەپلەردە ئىشلەۋاتقان مائارىپ خادىملىرى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان، دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى. بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىز مائارىپچىلاردىن كۈتكەن سەممىي ئۈمىدى، شۇنداقلا، ئۇنىڭدا پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىمۇ ئىپادىلەنگەن.

ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەر سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم بازا، مائارىپچىلار بولسا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلغۇچىلار ۋە تارقاتقۇچىلار. ۋەتەن ۋە مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ياش-ئۆسمۈرلەرنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش — بىز خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن شەرەپلىك تارىخىي ۋەزىپە.

"بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش — سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىكى چوڭ ئىش. گەرچە بۇ پائالىيەتنىڭ قانات يايدۇرۇلغان ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، مەكتەپلەرنىڭ تۈرلۈك خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى چۈشەندۈردىكى، مائارىپ سېپىدە "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش — ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كوممۇنىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە ئارقىلىق، بىلىم بېرىش بىلەن ئادەم تەربىيىلەشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەيدىغان ئاممىۋى خاراكتېرلىق ياخشى شەكىل، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" پائالىيىتىنىڭ مائارىپ سېپىدە كونكرېت ۋە كەڭ دائىرىدە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بۇ پائالىيەتنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش كەڭ مائارىپچىلارنى كوممۇنىزمنى ئۆگىنىپ، كوممۇنىستىك ئىدىيە، كوممۇنىستىك روھ ۋە كوممۇنىستىك ئەخلاق-پەزىلەتنى ئۆلچەم قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتا ئۈلگە بولۇشقا تەشەببۇس قىلىشتا؛ پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشتا؛ ئوقۇتقۇچىلار

قوشۇنى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، ماگارىپ ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تىرىشىپ ماگارىپ خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش ۋە جەمئىيەت كەيپىياتىنى ئۆزگەرتىشتە مۇھىم رول ئوينىغۇسى ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكۈسى. شۇڭا، بىز پۈتۈن رايونىمىزدىكى ماگارىپچىلار ئىچىدە "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قانات يايدۇرۇپ، تۆۋەندىكىلەرنى ئورۇنلاشنى تەشەببۇس قىلىمىز:

1. ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى، پارتىيىنى قىزغىن سۆيۈش، پارتىيىنىڭ ماگارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولۇش، ئۆزىنى چېگرا رايون ماگارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلاش؛

2. پارتىيىنىڭ ماگارىپ فاڭجېنىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇش، ھەربىر ئوقۇغۇچىغا كۆيۈنۈپ، ئۇلارغا ھەم بىلىم بېرىش، ھەم ئۇلارنى تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە غەمخورلۇق قىلىش؛

3. تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كەسپكە پىششىق بولۇپ، ئىسلاھ قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، تەلىم-تەربىيە سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش؛

4. يۈكسەك ئەخلاق-پەزىلەتكە ئىگە بولۇش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، سۆز ئارقىلىق تەربىيە بېرىپ، ھەركىتى ئارقىلىق ئۈلگە بولۇش؛

5. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش.

بىز پۈتۈن شىنجاڭدىكى ماگارىپچىلارنىڭ باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىپ، پەرقلەرنى تېپىپ، چارە-تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" نىڭ تەرۇقلىرىنى ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلب ئېتىزىغا چېچىپ، ئۇنىڭدىن كوممۇنىزمنىڭ گۈل-چېچەكلىرىنى ئېچىلدۇرۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مول مېۋىلىرىنى يېتىلدۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز.

بىز پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە، ھەر كەسپتىكى يولداشلارنىڭ ئەقىل مەنبەلىرىنى ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىشىنى، ئەقىل مەنبەلىرىنى ئېچىشقا سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئارتتۇرۇشىنى، خەلق ماگارىپ ئىشلىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشىنى، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق ئۆسۈشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بىز ھەر دەرىجىلىك ماگارىپ مەمۇرى ئورۇنلىرى ۋە ماگارىپچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆز ئارا زىچ ماسلىشىپ، بۇ پائالىيەتنى پىلانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، پۇختا قەدەملەر بىلەن چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇشنى تەكلىپ قىلىمىز.

"ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، تىرىشىپ جۇڭخۇانىڭ گۈللەندۈرۈشنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق لازىم". بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئالىجاناپ، شۇنداقلا ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ئىش، ۋەزىپە ئېغىر، مۇساپە يىراق. 12-قۇرۇلتاي ۋە 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1-قېتىملىق يىغىنى روھىنىڭ ئىلھامىدا، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش داۋامىدا پائال تۆھپە قوشايلى.

— ئاپتونوم رايوندۇق "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل" پائالىيىتىدە ئۈلگە كۆرسەتكۈچى ئىلغارلار ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەردىن.

1983-يىل 7-ئاينىڭ 27-كۈنى.

# ئاپتونوم رايونىمىزدا تۈنجى قېتىملىق "بەش بولۇش، تۇت گۈزەل" پائالىيىتىدە ئۈلگە كۆرسەتكۈچى ئىلغارلار ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى

ئۆزخەۋىردەمىز. "بەش بولۇش، تۇت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىنى چوڭقۇر ۋە ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش، ھەر مىللەت مائارىپ خىزمەتچىلىرىنى كوممۇنىستىك ئىدىيە تۇرغۇزۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدا تۈنجى قېتىم "بەش بولۇش، تۇت گۈزەل" پائالىيىتىدە ئۈلگە كۆرسەتكۈچى ئىلغارلار ۋەكىللىرى يىغىنى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. بۇ يىغىنغا تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئون نەچچە مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئالى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ، تېخنىكوم، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىۋى ۋە باللار باغچىلىرى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىلغار شەخسلەر ۋەكىلىدىن 199 كىشى ۋە ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىلىدىن 47 كىشى قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن يولداش ۋاڭ ئېنماۋ، يولداش ئىسمايىل ئەھمەت قاتارلىقلار يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى، ۋەكىللەرگە مۇكاپات بۇيۇملىرى تارقاتتى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە رەسىمگە چۈشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىمىنوپ ھامۇت يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى جانابىل يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى زەپەر ئاپتونوم رايونىمىزدا قانات يايدۇرۇلغان "بەش بولۇش، تۇت گۈزەل" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىدىن خۇلاسە دوكلادى بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ئۇرتېيىپ «12 - قۇرۇلتاي روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە "بەش بولۇش، تۇت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىنى داۋاملىق، چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شى چيەن يىپىش نۇتقى سۆزلىدى.

يىغىن جەريانىدا، ئىلغار شەخسلەر ۋەكىلىدىن 28 كىشى ۋە ئىككى ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىلى تەجرىبە تونۇشتۇردى. ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە تەجرىبىلىرى يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرگە ناھايىتى زور تەربىيە ۋە ئىلھام بولدى.

يىغىن ئاياقلىشىدىغان ۋاقىتتا، پۈتۈن ۋەكىللەر بىردەك پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مائارىپ خىزمەتچىلىرىگە چاقىرىلغان «تىرىشىپ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، "بەش بولۇش، تۇت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا تەشەببۇسنامە» نى ماقۇللىدى.

يىغىن ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ۋەكىللەر 1 - ئىيۇل توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇدى، يېزا ئىگىلىك ئىلمىي تەجرىبە مەركىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. بوغدا كۆلىگە، ئەنسەن تېغىغا چىقىپ سەيلە قىلدى ۋە دەم ئالدى. 40 ۋەكىل بېيجىڭ ۋە تيەنجىنگە ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە بېرىپ، ئاندىن يازدا ئىستىراھەت قىلىدىغان مەنزىرىلىك جاي بېيدەيخېدا قىسقا مۇددەت دەم ئالدى.

# ئالىجاناپ ئەخلاق - پەزىلەت، شانلىق ئۈلگە

ئاپتونوم رايونىمىز مائارىپ سىستېمىسى بويىچە چاقىرىلغان "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل" پائالىيىتىدە ئۈلگە كۆرسەتكۈچى ئىلغارلار ۋەكىللىرى يىغىنى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى غەلىبىلىك يېپىلدى. بۇ رايونىمىز مائارىپ سىستېمىسى بويىچە بىر قېتىملىق كۆلىمى چوڭراق بولغان ئىلغارلارنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنى، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇش، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش ۋە ئۇلارغا يېتىشىۋېلىش چوڭ يىغىنى بولدى، شۇنداقلا پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىرىنچى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇش، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق مەكتەپلەرنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تىرىشىپ رايونىمىزنىڭ مائارىپ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا سەپەرۋەر قىلىش چوڭ يىغىنى بولدى. بىز يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز! شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپلىق بىلەن تۆھپە قوشقان ھەر مىللەت مائارىپ خىزمەتچىلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمىز!

1981 - يىلى 12 - ئايدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئىدېيىۋى - سىياسىي خىزمەت تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر پۈتۈن مەملىكەتتىكى مائارىپ خىزمەتچىلىرىگە "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغاندىن بۇيان، رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇق قىلىشى ئارقىسىدا، ھەر مىللەت مائارىپ خىزمەتچىلىرى بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، روھىي قىياپىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى، "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل" پائالىيىتىدە ئۈلگە كۆرسەتكۈچى ئىلغارلار ۋە ئىلغار كوللېكتىپلار تۈركۈملەپ مەيدانغا چىقتى، بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان ئىلغارلار ۋە ئىلغار كوللېكتىپلار پۈتۈن شىنجاڭدىكى 200 مىڭدىن ئارتۇق شەرەپلىك خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدۇر.

ئۇلار ئالىجاناپ ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە، بىزنىڭ شانلىق ئۈلگىمىز. ئۇلار پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيۈپ، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي ۋە كەسپىي تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ كوممۇنىزمغا بولغان مۇستەھكەم ئېتىقادى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل" تەربىيىسى بېرىش ئارقىلىق ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەۋزەل خىزمەت ۋە تۇرمۇش شەرت - شارائىتىدىن ۋاز كېچىپ، يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، چېگرىدا يىلتىز تارتىپ، مەسئۇلىيەتلىك بىلەن ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقانلار بار؛ بەزى يېشى 60 قا يېقىنلىشىپ قالغان ياكى كېسەلچان بولسىمۇ، ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماي، ئىلىم - پەن بىلەن قەتئىي شۇغۇللىنىپ، دەرس ئۆتۈش مۇنبىرىدە چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقانلار بار؛ دېھقان - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، دېھقان - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەت-

تىمكى قالاقلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۇزۇن مۇددەت تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى چەت - ياقا يېزىلاردا هەم تاغلاردىكى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا چىڭ تۇرۇپ، جاپانى خوشاللىق دەپ بىلىپ، ياش - ئۆسمۈرلەرگە هەم بىلىم بېرىپ، هەم ئۇلارنى تەربىيىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە قابىلىيىتىنى هېچبىر ئاياپ قالماي هەر مىللەت خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن تەقدىم قىلغانلار بار. ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن سۆيۈپ، هەر مىللەت ياش-ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئومۇمىيۈزلۈك غەمخورلۇق قىلماقتا. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر ئۆز هاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئوقۇغۇچىلارنىڭ هاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغان؛ بەزىلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا پۈتۈن زېھنى بىلەن غەمخورلۇق قىلغان؛ بەزىلەر بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىنى قۇربان قىلىپ ۋە دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا فۇداۋ قىلىپ بېرىش ياكى ئائىلە سوھبىتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى، ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ياخشى تەرەققى قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. ئۇلار ئۆزلىرى باشلامچى بولۇپ، باشقىلارغا ئۈلگە كۆرسىتىپ بەرگەن." تۇتقان يولۇڭ توغرا بولسا، بۇيرۇقسىزمۇ ئىشىڭ يۈرۈشۈپ بېرىدۇ" دېگەن گەپ بار. كەڭ ئوقۇتقۇچىلار "ئۆز هەركىتى ئارقىلىق تەربىيە بېرىش، سۆز ئارقىلىق تەربىيە بېرىشتىن ئەۋزەل" ئىكەنلىكىنىڭ ماهىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، ناتوغرا كەيپىياتلارنى ئاڭلىق هالدا توسۇپ، هەممە ۋاقىت، هەممە جايدا ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى پەزىلىتى، مەدەنىي سۆز - هەركىتى، ئەخلاق - خىسلىتى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتىشكە دىققەت قىلغان. ئومۇمەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئورۇنلاش تەلەپ قىلىنغانلىكى ئىشلارنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى باشلامچى بولۇپ ئالدى بىلەن ئورۇنلىغان. بەزىلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىنىش پۇرستىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزلىرى ئەستايىدىل دەرس تەييارلاش، ئەستايىدىل دەرس ئۆتۈش، ئەستايىدىل فۇداۋ قىلىپ بېرىش، ئەستايىدىل تاپشۇرۇق تەكشۈرۈشنى ئورۇنلىغان؛ بەزىلەر ئوقۇغۇچىلاردىن كوللېكتىپ ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا ئالدى بىلەن ئۆزى، ئىشقا بالدۇر كېلىپ، كەچ قايتىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئىشخانا تازىلىقىغا دائىر ئىشلارنى ئۆزلىكىدىن يولغا قويغان ۋە باشقا مۇلازىملىق خاراكتېرىدىكى ئەمگەكلەرنى زىممىسىگە ئېلىپ ئىشلىگەن؛ ئوقۇغۇچىلاردىن سۆزى گۈزەل بولۇشىنى تەلەپ قىلغاندا، ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ سۆزىنىڭ گۈزەل بولۇشىغا دىققەت قىلغان، شۇ ئارقىلىق ياخشى تەربىيە ئۈنۈمىگە ئېرىشكەن. ئۇلار پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تىرىشىپ قوغدىغان. هەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇزۇن مۇددەتلىك خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنكى، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ. خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، چېگرا رايوننىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان تەڭسىزلىكنى تەدرىجىي تۈگىتىش ئۈچۈن، هەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئۆز ئارا هەمكارلىشىپ، ئورتاق ئالغا بېسىشلىرى لازىم. شۇڭا، مىللەتلەر دوستلۇغى گۈللىرى هەممىلا جايدا ئېچىلىپ، ئاز بولمىغان "دوست مەكتەپلەر"، "دوست سىنىپلار" مەيدانغا كەلگەن. هەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى سىياسىي جەھەتتە ئۆز ئارا ئىشىنىش، كەسپىي جەھەتتە ئۆزئارا ئۆگىنىش، خىزمەت جەھەتتە ئۆز ئارا قوللاش، تۇرمۇش جەھەتتە ئۆزئارا غەمخورلۇق قىلىشنى ئورۇنلىغان. ئۆزئارا تىل ئۆگىنىپ، بىر - بىرىنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرگەن. بەزى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆز هاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن خەنزۇ بالىلارنى قۇتقۇزۇۋالغان؛ بەزى خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىكىدىن ئاز سانلىق مىللەت يېتىم بالىلىرىنى بېقىۋېلىپ، يارامىلىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرگەن. مۇنەۋۋەر

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەر بىر ئىش ئىزلىرىدىن كوممۇنىستىك ئىدىيىنىڭ پارلاق نۇرى چاقناپ تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشتەك نەمۇنىلىك ھەركىتى جەمئىيەت كەيپىياتىنى ئۆزگەرتىشتە ئىجابىي رول ئوينىدى، ناھايىتى ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى.

ھەر دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەر بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تېزدىن يەتكۈزۈپ، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ توتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىكى ئورنى ۋە رولىنى كەڭ تۈردە سۆزلەپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتىرىشى، "سول" ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى يەنىمۇ تازىلاپ، پۈتكۈل جەمئىيەت خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ شەرەپلىك ئەمگىكىنى قوللايدىغان يېڭى كەيپىياتنى يارىتىشى لازىم. ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك كەڭ مائارىپ خىزمەتچىلىرىنى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىلغار ئىدىيە ۋە ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، كوپچىلىكنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشكە ئىلھام بېرىش كېرەك، نۆۋەتتە ھەر مىللەت مائارىپ خىزمەتچىلىرىنى «دېڭ شياۋپىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» نى ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، توتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش، "بەش بولۇش، توت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ۋە ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ئۇلاردىن خۇددى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشاش پارتىيىنى، سوتسىيالىستىك ۋەتەننى، مائارىپ ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيۈشنى، ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن سۆيۈپ، بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا مەسئۇل بولۇشنى؛ ھەم بىلىم بېرىپ، ھەم ئادەم تەربىيىلەشنى، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كەسپىي پىششىق ئىگەللەپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشنى؛ ئالىجاناپ ئەخلاق، قاتتىق ئىنتىزام، سۆز ۋە ھەركىتى ئارقىلىق تەربىيە بېرىش، ئۈلگە بولۇشنى؛ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشنى تەلەپ قىلىش كېرەك. "بەش بولۇش، توت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەر بۇ پائالىيەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر خىزمىتى قاتارىدا تۇتۇشى لازىم. "بەش بولۇش، توت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتىنى لېي فېڭ، جاڭ خەيدى قاتارلىق ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش پائالىيىتى بىلەن، مەكتەپلەردىكى مائارىپ ئىسلاھاتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىشى لازىم. بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەدبىر تۈزۈپ، بۇ پائالىيەتنى پۇختا ۋە ئۈنۈملۈك ھالدا داۋاملاشتۇرۇش لازىم.

ۋەكىل يولداشلارنىڭ كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇپ، مەغرۇرلۇق ۋە ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىپ، "بەش بولۇش، توت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش" بويىچە ئۈلگە بولۇش پائالىيىتى جەريانىدا پارلاق نەمۇنىلىك رول ئوينىشىنى، پۈتكۈل ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىللە غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان سوتسىيالىستىك يېڭى بىر ئەۋلات كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، توتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ۋە پارتىيە ئىستىلى، جەمئىيەت كەيپىياتىنى ياخشىلاشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مەكتەپ مۇدىرلىرى خىزمىتى

# دەرس ئاڭلاشتا چىڭ تۇرغاندا تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ

شې ۋېي

(ئىڭشى ئۇجۇڭ ناھىيە چاۋ يالڭ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى)

مەكتەپ ئوقۇتۇشنى مەركەز قىلىشى كېرەك.
مەكتەپ مۇدىرى پەقەت دائىم دەرس ئاڭلاش-
تا چىڭ تۇرغاندىلا، ئوقۇتۇشقا رەھبەرلىك
قىلىشتا تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ؛
پەقەت ئۈزلۈكسىز تۈردە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن
ئىدىيە ۋە كەسپ ئالماشتۇرۇپ تۇرغاندىلا،
ئۆزىنىڭ كەسپىي ۋە رەھبەرلىك قىلىش سەۋ-
يىسىنى ئۆستۈرەلەيدۇ. دەرس ئاڭلاشتا ئوقۇ-
تۇشنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن پىلانلىق
ۋە مەقسەتلىك ھالدا ئاڭلاش كېرەك، شۇچاغ-
دىلا ياخشى ئۈنۈم قازانغىلى بولىدۇ. مەن يې-
قىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئوخشاش بول-
مىغان مەقسەتنى كۆزدە تۇتۇپ، تۆۋەندىكى-
دەك تۆت تەرەپ بويىچە دەرس ئاڭلىدىم:

1. ئەھۋال ئىگەللەش خاراكتېرلىق دەرس
ئاڭلاش. يېڭىدىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار ياكى
خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن باشقا پەننى ئوتتۇشكە
ئالماشقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئەھۋال-
نى ئىگەللەش ئۈچۈن، ئەھۋال ئىگەللەش خا-
راكتېرلىق دەرس ئاڭلاشقا توغرا كېلىدۇ. مە-
سىلەن، مەكتىۋىمىزگە گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتە-
ۋىدىن بىر ئوقۇتقۇچى يۆتكىلىپ كەلگەن ئىدى،
ئۇ كېلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، مەن ئارقا-
ئارقىدىن ئۇنىڭ بىر نەچچە سائەتلىك دەرسىنى
ئاڭلىدىم. دەرس ئاڭلاش ئارقىلىق، ئۇنىڭ
ئوقۇتۇش جەريانىدا ئۆزى بەك كۆپ سۆزلەپ،
ئوقۇغۇچىلارغا بەك ئاز مەشق قىلدۇرۇپ، ئوقۇ-
غۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى ئاكتىپچانلىقىنى جارى
قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلمايدىغانلىقىنى؛ ئوقۇ-
تۇشتا ئىشلەتكەن گەپ - سۆزلىرىنىڭ لوگىكى-
لىقى ئاجىز بولۇپ، بەك ئاتلىتىپ سۆزلەيدى-
غانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاسان چۈشى-
نەلمەيدىغانلىقىنى سەزدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن
پىكىر ئالماشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئاساس بىلىمىنىڭ
ياخشىلىقى، دەرسنى چۈشەندۈرۈشتە ئەستايىدىل
ئىكەنلىكىدەك، ئارتۇقچىلىقىنى كۆرسەتتىم، شۇ-
نىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، يەنە ئۇنىڭ ئوقۇتۇش
بىلەن ئۆگىنىشتىن ئىبارەت بۇ زىددىيەتنى بىر
تەرەپ قىلىشتا، ئۆگىنىشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى
ئوقۇغۇچىلار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىق، باشلان-
غۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ شەيئىلەرنى تو-
نۇش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا دىققەت قى-
لىش لازىملىقىنىمۇ كۆرسەتتىم. ئىشتىن كېيىن،
ئۇنىڭغا ئۆگىنىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ماتېرى-
ياللارنىمۇ تونۇشتۇردۇم. كېيىنرەك مەن يەنە
بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئوقۇ-
تۇش ئۇسۇلىنى كۆرۈنەرلىك ھالدا ياخشىلىغان-
لىقىنى بايقىدىم.

2. فۇداۋ خاراكتېرلىق دەرس ئاڭلاش.
بۇ ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش باسقۇچلى-

رىنى ئىگەللىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن
ئېلىپ بېرىلىدىغان دەرس ئاڭلاشنى كورسىتىدۇ.
مۇنداق دەرس ئاڭلىغاندا، ئوز ۋاقتىدا، مۇمكىن
بولسا دەرستىن چۈشكەندىن كېيىنلا پىكىر ئال-
ماشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش جەريانى ھەم دوسكىغا
يېزىلغان خەتنىڭ مەزمۇنىغا توغرىلاپ، تەكلىپ
ۋە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. ئوتۇل-
گەن دەرسنى باھالاشتا ئوقۇتقۇچىدىن شۇ دەرس-
نى ئوقۇتۇشتىكى تەسەۋۋۇرى ۋە تەسىراتىنى
ئالدىبىلەن ئوزى سوزلەشنى تەلەپ قىلىش،

ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوقۇتۇش ئەمىلىيىتىگە
توغرىلاپ، يىللىقلار بويىچە باسقۇچلۇق بىلىم-
لەرنىڭ باغلىنىشى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قاتار-
لىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قو-
يۇپ، ئۇنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغاش
كېرەك. بەزى چاغلاردا، مەن ئالدى بىلەن تەپ-
سىلى سائەتلىك پىلاننى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى
يىللىقلار گۇرۇپپىسىدا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىر-
لىكتە مۇزاكىرە قىلىپ، تۈزۈتۈش كىرگۈزۈپ،
مۇكەممەللەشتۇردۇم. ئاندىن كېيىن بىر ئوقۇتقۇ-
چى تەكلىپ قىلىنىپ مۇشۇ پىلان بويىچە
دەرس ئوتتى، كوپچىلىك بىرلىكتە دەرس ئاڭ-
لىدى، باھالاش ئېلىپ باردى. ئوقۇتقۇچىلار
ئىنكاس قىلىپ: ئوقۇتۇش ئۇسۇلى مۇشۇنداق
تەتقىق قىلىنسا ئۈنۈمى زور بولىدىكەن، مۇشۇن-
داق تەتقىقات دەرسنىڭ كوپرەك ئويۇشتۇرۇل-
شىنى ئۈمىت قىلىمىز، دېيىشتى.

3. تەكشۈرۈش خاراكتېرلىق دەرس ئاڭلاش.
بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇتۇش
پۇروگىراممىسى ۋە دەرسلىكنىڭ تۈزۈلۈشتىكى
مەقسىدىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى ئىگەللەش
ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان دەرس ئاڭلاشنى كور-
سىتىدۇ. مەسىلەن: 5 - يىللىقنىڭ "پىرسەنت
بىلەن ئىشلىنىدىغان مەسىلىلەر" دىگەن دەرسنى
ئاڭلىغان چاغدا، ئوقۇتقۇچى ئۈلگە قىلىپ مىسال
كو سەتكەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلاردىن دەرھال

ئولچەملىك مىقدار، سېلىشتۇرمىلىق مىقدار، پىر-
سەنتنى كورسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. نە-
تىجىدە توغرا جاۋاپ بېرەلىگەن ئوقۇغۇچىلار
ناھايىتى ئاز بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى نەدە؟
دەرستىن كېيىن، مەن ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىرلىك-
تە مۇزاكىرە - تەھلىل قىلىپ شۇنداق تونۇش-
قا كەلدۇقكى: ھەر قانداق بىر خىل تىپتىكى
مەسىلىنى ئوتكەندە، شۇ مەسىلىنى ئوقۇپ چۈ-
شىنىۋېلىش، مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىقلىۋېلىش،
سانلار مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىشقا ئەھمىيەت
بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ھىساپلاش ۋە تەكشۈ-
رۈشكە ئوتۇش كېرەك. پىرسەنت بىلەن ئىشلى-
نىدىغان مەسىلىلەرنى ئوقۇتۇشتىمۇ مۇشۇ قانۇ-
نىيەتكە ئەمەل قىلىش كېرەك. كوپ ساندىكى
ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان مەس-
لىگە توغرا جاۋاپ بېرەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى
شۇكى، ئۇلار مەسىلىنى ئوقۇپ چۈشەنمىگەن،
سانلار مۇناسىۋىتى ئېنىق سوزلەپ بېرىلمىگەن.
بۇنىڭغا ئۇلاپلا مەن يەنە بىر پاراللېل سىنىپ-
نىڭ شۇخىلدىكى دەرسنى ئاڭلاپ، ئوقۇتقۇچى
ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەپ مەسىلىنى ئوقۇش، مە-
سىلىنى تەكشۈرۈش، سانلار مۇناسىۋىتىنى تەھ-
لىل قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ئوقۇتۇش-
تىكى قىيىن نۇقتىلارنى بىر قەدەر ياخشى ھەل
قىلغانلىقىنى بايقىدىم.

4. يەكۈنلەش خاراكتېرلىق دەرس ئاڭلاش.
بۇ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى يە-
كۈنلەپ كېڭەيتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان
دەرس ئاڭلاشنى كورسىتىدۇ. ئوقۇشۇمچە 5-
يىللىقلار گۇرۇپپىسىدىكى بىر ئوقۇتقۇچى ئوقۇ-
غۇچىلارنىڭ گۇمانىنى سوراش ئىقتىدارىنى يې-
تىلدۇرۇش جەھەتتە ياخشى ئىشلىگەن، ئۇ، تىل-
ئەدىبىيات دەرسنى ئوتكەندە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ
گۇمانلىرىنى سورىشى، گۇمانلىرىنى يېشىشى ئىن-
تايىن جانلىق بولغان. مەن ئۇنى ئوزىنىڭ
ئوقۇغۇچىلارنىڭ گۇماننى سوراش ئىقتىدارىنى

يېتىلدۈرۈش جەھەتتىكى تەسىراتىنى تونۇشتۇرۇشقا ئۈندىدىم؛ مەلۇم باشقا سىنىپلارغا دەرس ئاڭلىغىلى كىرگەن چاغلاردا بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ تەجرىبىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تونۇشتۇردۇم. بۇ، باشقا ئوقۇتقۇچىلارغا ناھايىتى زور ئىلھام بەردى. ئەلۋەتتە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ گۇمانىنى سوراش ئىقتىدارىنى ئۇستۇرۇش ئۈچۈن بىر جەريان كېرەك. دەسلەپتە، ئوقۇغۇچىلار سوئال سورىمايدۇ، سوراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ئارقىلىق ئۇلار سوئال سورىسىمۇ، لېكىن سورىغان سوئاللىرى بىرقەدەر چۇۋالچاق، كۆپىنچىسى تاشقى كۆرۈنۈشلەردىنلا ئىبارەت بولىدۇ. بۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب ئوقۇش جەريانىدا پىكىر يۈرگۈزۈشكە تېخى ماھىر ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرىشى، ئاكتىپلىق بىلەن يېتەكلىشىگە توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭدا ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ، بىر مەھەل ئوقۇتۇش سۈپىتىگە تەسىر يەتكەنلىك تۈپەيلىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ خىل ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى تاشلاپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئوقۇتقۇچىلار شۇنى تونۇۋېلىشى لازىمكى: ئوقۇغۇچىلارنىڭ گۇمانىنى سوراش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇش - چىڭ تۇرماسلىق، ئەمەلىيەتتە ئوقۇتۇش ئىدىيىسى مەسىلىسى، يەنى ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەم ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش - چىڭ تۇرماسلىقتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ گۇمانىنى سوراش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە بولغان تونۇشى ئۆستى.

ھەر قانداق بىر خىل تىپتىكى دەرسنى ئاڭلاشتا، ئىشتىن بۇرۇن دەرسلىك ۋە ئالاقىدار قوشۇمچە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش كېرەك؛ دەرس ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، دەرس ئاڭلاش خاتىرىسىنى رەتلەپ چىقىپ، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئۆز ۋاقتىدا پىكىر ئالماشتۇرۇش كېرەك. دەرس ئاڭلاش جەريانىدا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ روھىي ھالىتىنى ئىگەللەشكە دىققەت قىلىش كېرەك. ئومۇمەن ئېيتقاندا، مەكتەپ مۇدىرى دەرس ئاڭلىغىلى كىرگەندە، ئوقۇتقۇچى ھامان بىر قەدەر جىددىيلىشىدۇ. مەن دەرسخانىدا خاتىرە يازسام، ئوقۇتقۇچى خاتا سۆزلەپ قويدۇممۇ - يوق، سۆزنى چۈشۈرۈپ قويدۇممۇ - يوق دەپ ئويلاپ، جىددىيلىشىدىكەندە، ئوقۇتۇش ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدىكەن. مەن بۇ خىل ئەھۋالنى بايقىغاندىن كېيىن، خاتىرە يېزىشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، بېشىمنى كۆتىرىپ، تەبەسسۇم بىلەن تەستىقلاپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسنى ياخشى ئۆتۈشىگە ئىلھام بەردىم.

( بېشى 6 - بەتتە )

(4) ماتېماتىكا ۋە لوگىكا ئىلمى توغرىسىدىكى ئاساسلىق بىلىملەرگە ئىگە بولغان، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن، قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولۇش؛

(5) ئۆز تىلىنى بىلگەندىن باشقا، ئاز دېگەندە بىر چەتئەل تىلىنى ئىگەللىگەن، چەتئەل تىلىنى قوللىنىپ كىتاب ئوقۇيالايدىغان، سۆزلىيەلەيدىغان بولۇش؛

(6) مەيلى سۆزلەشتە بولسۇن ياكى يېزىشتا بولسۇن، مۇۋاپىق سۆزلەرنى قوللىنىپ، دېمەكچى بولغان پىكرىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان بولۇش؛

(7) جەمئىيەتكە پايدىلىق خىزمەتنى ئىشلەيدىغان بولۇش؛

(8) كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىيالايدىغان، قانداق ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى چۈشەنگەن ۋە ئۆگىنىشتىن لەززەتلىنەلەيدىغان بولۇش؛

(9) ئەھمىيەتلىك مۇھىم مەسىلىلەرگە قىزىقىدىغان ھەم ئۇنىڭغا قىزغىن جاۋاب بېرەلەيدىغان بولۇش؛

( ئاخىرى 86 - بەتتە )

# سىياسى دەرستىكى تاپشۇرۇقنىڭ رولى

ئىمام ئىبراھىم

(بورتالا ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

ئائىلە تاپشۇرۇقى بېرىش پەقەت تەبىئىي پەن ۋە تىل - ئەدەبىيات قاتارلىق دەرسلەرگىلا ئۆيغۇن بولۇپ قالماستىن، بەلكى سىياسى دەرستىمۇ ئىنتايىن مۇھىم.

مەن سىياسى دەرس ئوتۇشكە باشلىغان دەسلەپكى يىللاردا تاپشۇرۇقنىڭ كېيى بولسىلا، بىزنىڭ دەرسىمىزنىڭ تاپشۇرۇق بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، سىياسى دەرستە قانداقمۇ تاپشۇرۇق بەرگىلى بولسۇن، دەپ قاراپ، نوفۇل ھالدا قويۇپ قويۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق دەرسخانىدا سوزلەش بىلەنلا شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىدىم. كېيىنكى مەزگىلدە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ياخشىلاش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىشلەر نەتىجىسىدە تاپشۇرۇق بېرىشتىن ئىبارەت ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

سىياسى دەرستە تاپشۇرۇق بېرىشنى يولغا قويۇش دەرسلىك كىتاپىنىكى تەييار سۆزلەرنى يادلىۋېلىشتەك ئولۇك ھالدا دەرس ئورلەشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، ئەتىراپلىق ئىزدىنىش، مېڭە ئىشلىتىش ئارقىلىق ئىگەللىگەن بىلىملەرنى مۇستەھكەملەش ۋە ئەمەلىيەتتە ئىشلىتەلەيدىغان بولۇشقا پايدىلىق.

ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچى ئوتكەن دەرسنى قانچىلىك ئۆزلەشتۈرەلىگەن، دەرسنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ھەقىقى چۈشەنگەن - چۈشەنمىگەن، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يېتىشتۈرۈلگەن ياكى يېتىشتۈرۈلمىگەنلىكىنى ئىگەللەپ، ئاجىز ھالقىلارنى ھېس قىلىش، ئۇنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ مېڭىشقا ياردەم بېرىدۇ.

سىياسى دەرس ئىلىملىكى، سىياسىيلىقى كۈچلۈك بولغان بىر خىل دەرس. ئۇ بەزى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك ئۇنداق ئاسان، كىم ئوتسە بولۇۋېرىدىغان پەن ئەمەس، ئوقۇتقۇچى دەرسنى ئوبدان ئوتۇشتىن سىرت، مۇۋاپىق ھالدا تاپشۇرۇق بېرىشى، ئائىلە تاپشۇرۇقى بېرىلگەن ئىكەن، ئۇنى قول ئۇچىدىلا بىر تەرەپ قىلىۋەتمەستىن، ئەستايىدىل تەكشۈرۈش، خاتىرە قالدۇرۇش، ئاندىن تەپسىلى خۇلاسە چىقىرىشى زۆرۈر.

مەن ئۆزەمنىڭ سىياسى دەرستە تاپشۇرۇق بېرىشنى يولغا قويغاندىن كېيىنكى بەزى تەسىراتلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەسپداشلىرىم بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

1. دەرس مەزمۇنى ۋە شۇ دەرسنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تاپشۇرۇق بېرىش، تاپشۇرۇقنىڭ مىقدارى مۇۋاپىق دەرىجىدە بولۇش، ئوقۇغۇچىلارنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدىغان بولماسلىقى لازىم.

مەسىلەن، تووار ھەققىدىكى دەرسنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تووار ئۇقۇمى ۋە توۋارنىڭ ئىككى ياقلىملىقى، توۋارنىڭ ماھىيىتىنى ئاددى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. مەن بۇ دەرسنى ئوتۇپ بولغاندىن كېيىنلا ئوقۇغۇچىلارغا ئائىلە تاپشۇرۇقىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دەرستىن ئالغان چۈشەنچىسىگە ئاساسەن، تووار بولىدىغان ۋە تووار بولمايدىغان مەھسۇلاتلاردىن بىر نەچچە مىسال كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ داۋ-

لىسىنى چۈشەندۈرۈشنى تاپشۇردۇم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆزى ئىشلىگەن تاپشۇرۇقلىرىدا، بۇ ھەقتە چۈشىنىشلىك مىساللارنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ داۋلىسىنى سۆزلىگەن. دەرسنى قانچىلىك چۈشەنگەنلىكىنى سۆزلىگەندە كىتاپتىكى مىساللارغىلا ئېسىلىۋالماي، سىرتتىن مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلىگەن. دېمەك خىلمۇ-خىل مىساللار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار توۋار ھەققىدىكى دەرسنى ئۆلۈك ھالدا يادلاشتىن ساقلىنىپ، جانلىق چۈشىنىپ، ئۆز بىلىمىگە ئايلاندۇرغان.

2. ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇشتا دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان ئەمەلىي مەسىلىلەر ئاساس قىلىنغان دەرس ئۆتۈلمەكچى بولغاندا ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى تاپشۇرۇق ئىشلەشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، شۇ مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاش كېرەك.

مەسىلەن، «سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدىكى باھا» دېگەن دەرسنى ئۆتۈشتىن ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلارغا بازارلارنى تەكشۈرۈپ مال باھاسىنى ئىگەللەش، تەكشۈرۈش جەريانىدا ھاسىل قىلغان چۈشەنچىلىرىدىن خاتىرە يېزىپ كېلىشنى تاپشۇردۇم. دەرس ئۆتۈلىدىغان ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلارنى مال باھاسى ئۈستىدە مۇلاھىزىگە ئۇيۇشتۇردۇم. ئوقۇغۇچىلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دۇكانلار، كوللېكتىپ دۇكانلار، ئەركىن بازار، ئاشلىق دۇكانلىرىنى ئارىلاپ ھەرخىل مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى، باھادىكى پەرق، شۇنداقلا بەزى مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى قاتارلىق ھادىسىلەرنى ئىگەللەپ چىقتى، مۇزاكىرە جەريانىدا بەزى مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنىڭ مۇقىم بولماستىن بەزىدە ئۆرلەپ، بەزىدە تۆۋەنلەپ تۇرىدىغانلىقى، بەزى نورمىلىق مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى بىلەن نورمىسىز ساتقان ۋاقىتتىكى باھاسىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى قاتارلىق نۇقتىلاردا نېمە ئۈچۈن دېگەن سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ، ئۆز ئارا مۇنازىرىلەشتى. باھا ھەققىدە ئوقۇغۇچىلاردا بىرخىل ھېسسىيات شەكىللەنگەندىن كېيىن، رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن يېڭى دەرسنى باشلاپ، ھەرخىل مۇلاھىزىلەرنى خۇلاسىلاپ دەرسنى تۈگەتتىم. دەرس ئاخىرلاشقاندا ئوقۇغۇچىلار دەرسنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىگەللەپ، باھا ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغان.

تاپشۇرۇق بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانماستىن بۇرۇن ئوقۇغۇچىلار دەرسنىڭ مەزمۇنىنى يادلاپ ئالالاتتى، پىكىر يۈرگۈزەلمەيتتى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن باشتىكى دەرس مەزمۇنلىرىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. تاپشۇرۇق بېرىش ئۇسۇلى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەيپىياتى جۇشقۇن، پىكىر قىلىشى ئەتراپلىق بولۇپ، ھەممە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتى دەرسكە مەركەزلەشتى. ھەتتا ناچار ئوقۇغۇچىلارمۇ ئىزدىنىشكە مەجبۇر بولۇپ، بارا-بارا دەرسنى ئوڭاي ئۆزلەشتۈرۈپ، ئېسىدە پۇختا ساقلىيالايدىغان بولدى.

تاپشۇرۇق بېرىشتىن بۇرۇن ئوقۇتقۇچى ئالدى بىلەن دەرسلىك كىتابىنى پىششىق ئوقۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈشى، قايسى دەرستىن تاپشۇرۇق بېرىشكە تېگىشلىك، ئۇنىڭ ئۇسۇلى قانداق بولۇشى كېرەك دېگەن مەسىلىنى ئالدىن ئىدىيىسىدە ھەل قىلىۋېلىپ، ئاندىن تاپشۇرۇقنى ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم. بۇنداق قىلماستىن، تاپشۇرۇق بەرمىسىمۇ بولىدىغان دەرسلەرگە تاپشۇرۇق ئورۇنلاشتۇرۇلسا، بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشەنچىسىنى مۇجمەللەشتۈرۈپ، يامان تەسىرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تاپشۇرۇقنى بېرىپ، ئۇنى تەكشۈرمىگەندە ئوخشاشلا ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى ھەرقايسى دەرسنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تاپشۇرۇق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈش، خۇلاسە چىقىرىپ تۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈش، تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئىلھام بېرىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان قىلىشى كېرەك.

# مەسىلە قويدۇرۇپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى يېتىلدۈرۈشكە دائىر بىر مىسال

سىياسى دەرس ئوقۇتۇشىدا، ئوقۇغۇچى-
لارغا بىلىم بېرىشتىن تاشقىرى، تېخىمۇ مۇھى-
مى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتىنى
يېتىلدۈرۈش كېرەك. مەن قىممەت قانۇنىيىتى
رولىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىنى مەسىلە قويدۇ-
رۇپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ سۆزلەپ،
ئوقۇتۇشتىكى قىيىن نۇقتىلارنىمۇ ئاسان بوسۇپ
ئۆتتۈم، شۇنىڭدەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر
قابىلىيىتىنىمۇ تەربىيىلىدىم. كونكرېت ئىشلەش
ئۇسۇلۇم مۇنداق بولدى:

بىرىنچى قەدەمدە، ئوقۇغۇچىلارنى مەسىلە-
لەرنى بايقاشقا رىغبەتلەندۈردۈم ۋە يېتەكلىدىم.
مەسىلىلەرنى بايقاش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش-
نىڭ تەپەككۇر جەريانىدىكى مۇھىم بىر باسقۇ-
چى، شۇڭا، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسى-
لىلەر ئۈستىدە ئىزلىنىش ئاكتىپچانلىقىغا تۈر-
لۈك چارە - ئاماللار بىلەن ئىلھام بېرىشى كېرەك.
ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىنى بايقىشىغا ئاسان
بولسۇن ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنى يېزا مەھسۇ-
لاتلىرى سودا بازىرىدىكى باھانىڭ ئۆزگىرى-
شىنى تەكشۈرۈشتىن قول سېلىپ ئىشلەشكە
يېتەكلەپ، ئۇلارغا: ئەگەر بىر جىڭ پومىدۇر-
نىڭ قىممىتى پۇل بىلەن ئىپادىلەنگەندە 1 مو
5 فۇڭ دېسەك، ئۇھالدا پومىدۇرنىڭ بىر جىڭى
1 مو 5 فۇڭغا سېتىلىشى كېرەك، لېكىن ئەمە-
لىيەتتە بەزى ۋاقىتلاردا بىر جىڭى 2 موچەن-
دىن، بەزىدە 1 موچەندىن سېتىلىدۇ، پومىدۇر
سودىسى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن بۇ خىل
ھادىسىدىن نېمىنى كۆردۈڭلار ؟ — دەپ سو-
ئال قويدۇم. بۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلار: پومىدۇر-
نىڭ باھاسى بەزىدە قىممەتتىن يۇقىرى، بە-
زىدە قىممەتتىن تۆۋەن بولىدىكەن، دەپ جا-
ۋاپ بەردى. ئارقىدىنلا مەن يەنە: "نېمە
ئۈچۈن باھا بەزىدە يۇقىرى، بەزىدە تۆۋەن
بولىدۇ؟" دەپ سورىدىم. ئوقۇغۇچىلار دەرس-
لىكتىكى ئاياق كىيىم باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشى
توغرىسىدىكى مىسالنى ئوقۇغاندىن كېيىن:
"تەمىنلەش بىلەن تەلەپ (ئېھتىياج) نىڭ
ئۆزگىرىشى باھاغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن،
باھادا داۋالغۇش بولىدۇ" دەپ جاۋاپ بەردى.
مەن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوقۇغۇچى-
لارغا خوسۇسى مۈلۈكچىلىك شارائىتى ئاستىدا،
ئىشلەپچىقىرىشتىكى قارغۇلۇق تۈپەيلىدىن، تە-
مىنلەش بىلەن تەلەپ دائىم بىر-بىرىدىن
ئايرىلىپ قېلىپ، تاۋارلار باھاسىنىڭ دائىم
دېگۈدەك قىممەت بىلەن بىردەك بولماسلىق
ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى تونۇش-
تۇرۇپ، ئاندىن يەنە ئۇلاردىن بۇ خىل ئەھ-
ۋالنى قىممەت قانۇنىيىتى بىلەن باغلاپ، ئىك-
كىسىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىغا نەزەر
سېلىشنى تەلەپ قىلدىم. بۇ چاغدا، بەزى ئو-
قۇغۇچىلار: "باھا بىلەن قىممەتنىڭ بىردەك بول-
ماسلىقى قىممەت قانۇنىيىتىگە زىت، قىممەت
قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىق" دېيىشتى.
مەن ئوقۇغۇچىلارغا: "باھا بىلەن قىممەتنىڭ
دائىم بىردەك بولماسلىقى قىممەت قانۇنىيىتىگە
خىلاپلىق قىلىش بولماي قالماستىن، بەلكى
دەل قىممەت قانۇنىيىتى رولىنىڭ ئىپادىلىنىش

شەكلى” دەپ چۈشەندۈردۈم. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار غۇلغۇلا قىلىشىدۇ، بەزى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىدىن: “باھا بىلەن قىممەت نېمە ئۈچۈن بىردەك بولمايدۇ، بۇ، قىممەت قانۇنىيىتى رولىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىمۇ؟” دەپ سورايدىغان بولىدۇ.

ئىككىنچى قەدەمدە، ئوقۇغۇچىلارنى مەسىلىنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىشقا يېتەكلىدىم. بۇ ئوقۇتۇش جەريانىدىكى ناھايىتى مۇھىم ھالقا، بۇ يەردە ئوقۇتقۇچى يول باشلاش - كۆۋرۈك سېلىش رولىنى ئوينايدۇ. مەن ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى ھادىسىدىن ئۆتۈپ ماھىيەتنى تۇتۇشقا رىغبەتلەندۈردۈم. مەن ئوقۇغۇچىلاردىن: “ئاياق كىيىم بىلەن تەمىنلەش تەلەپ (ئېھتىياج) تىن ئېشىپ كەتكەندە، باھا 5 يۈەندىن تۆۋەن بولۇشى، ئەكسىچە بولغاندا، 5 يۈەندىن يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئاياق كىيىم ناھايىتى ئۇرغۇن بولسا، بىر جۈپ ئاياق كىيىم بىر تال يىڭنە باھاسىدىلا سېتىلامدۇ؟ شۇنىڭدەك، ئەگەر ئاياق كىيىم ناھايىتى قىس بولۇپ كەتسە، بىر جۈپ ئاياق كىيىم بىر ئاپتوموبىل باھاسىدا سېتىلامدۇ؟” دەپ سورىدىم. ئوقۇغۇچىلار: “ئۇنداق بولمايدۇ” دەپ جاۋاپ بېرىشتى. ئارقىدىنلا مەن: “باھا زادى قانداق داۋالغۇپ تۇرىدۇ؟” دەپ سورىغىنىمدا، ئوقۇغۇچىلار ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: باھا قىممەتنى چۆرىدەپ گاھى ئۆرلىگەن، گاھى تۆۋەنلىگەن ھالدا داۋالغۇپ تۇرىدۇ، دېيىشتى. مەن يەنە: بۇ پاكىت بىزگە نېمىنى ئۇقتۇرىدۇ؟ — دەپ سورىدىم. چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلار ئاخىرقى ھېساپتا باھانى قىممەت بەلگىلەيدىغانلىقىنى، باھانىڭ قىممەتنى چۆرىدەپ گاھى ئۆرلىگەن، گاھى تۆۋەنلىگەن ھالدا داۋالغۇپ تۇرۇشى ھادىسە ئىكەنلىكى، قىممەتنىڭ باھانى بەلگىلەيدىغانلىقى شەيئىنىڭ ماھىيىتى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا، باھانىڭ قىممەتنى چۆرىدىگەن ھالدا دائىم داۋالغۇپ تۇرۇشى قىممەت قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىق ھېساپلانمايدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالدى.

ئۇنىڭدىن قالسا، ئوقۇغۇچىلارنى مەسىلىگە باغلاش نۇقتىئىنەزىرى بويىچە قاراشقا يېتەكلىدىم. مەن يەنە ئاياق كىيىمنى مىسالغا ئېلىپ، دوسكىغا ئاياق كىيىمنىڭ قىممىتى (5 يۈەن)نى گورىزونتال تۈز سىزىق سىزىپ ئىپادىلەپ، تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن، بەزىدە قىممەتتىن يۇقىرى، بەزىدە قىممەتتىن تۆۋەن بولغان باھالارنى ئىپادىلىگەن بارلىق نۇقتىلارنى تۇتاشتۇرۇپ، قىممەت گورىزونتال سىزىقىنى چۆرىدەپ يۇقىرى - تۆۋەن داۋالغۇپ تۇرغان ئەگرى سىزىقنى ھاسىل قىلدىم. ئاندىن ئوقۇغۇچىلارغا: ئەگەر يەككە ھالدا مۇئەييەن ۋاقىتتىن ئېلىپ قارىغاندا، تاۋارنىڭ باھاسى قىممەتتىن يۇقىرى ياكى قىممەتتىن تۆۋەن بولۇشى مۇمكىن؛ ئەگەر ئۇلارنى باغلاپ، ئۇزۇنراق ۋاقىتتىن ئېلىپ قارىغاندا، قىممەتتىن يۇقىرى بولغان قىسمى بىلەن قىممەتتىن تۆۋەن بولغان قىسمى دەل بىر-بىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، دەپ چۈشەندۈردۈم. شۇنىڭ بىلەن، ئوقۇغۇچىلار باھانىڭ قىممەتنى چۆرىدەپ يۇقىرى - تۆۋەن داۋالغۇپ تۇرۇشى قىممەت قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىق ھېساپلانمايدىغانلىقىنى، بەلكى قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئىكەنلىكىنى ئاسانراق چۈشىنىۋالدى.

ئۈچىنچى قەدەمدە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېنىق يەكۈن چىقىرىشىغا ياردەم بەردىم. بۇ، ئوقۇغۇچىلارنى مۇناسىۋەتلىك قائىدىلەرنى ئېنىق، توغرا، چوڭقۇر ئىگىلەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، يىغىنچاقلاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى، تېكىستنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈن خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك شارائىتى ئاستىدا، باھانىڭ قىم-

# ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ۋە ئەدەبىيات پەنلىرىنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى

ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ۋە ئەدەبىيات پەنلىرىنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ۋە ئەدەبىيات پەنلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئوقۇتۇش مەقسىدى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. بۇ، بىلىش نەزەرىيىسى، ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى ھەمدە تىل - ئەدەبىيات ئاساس بىلىملىرى ۋە ئاساسىي ماھارەت مەشىقلىرى سىستېمىسىغا ئاساسەن، مۇئەييەن لوگىكىلىق تەرتىپىنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ۋە ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پەنلىرىنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

## ·1 دەرس تېكىستى

دەرس تېكىستى — ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشتىكى ئاساسىي ئوقۇتۇش ماتېرىيالى.

يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، تىل ۋە ئەدەبىيات پەنلىرى قوراللىق ۋە ئىدىيىۋىلىك خاراكتېرىگە ئىگە ئاساس پەنلەر بولۇپ، ئۇلارنى ئوقۇتۇشتىكى مەقسەت — ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈش، ھەم ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارغا

---

مەتنى چۆرىدەپ يۇقۇرى - تۆۋەن داۋالغۇپ تۇرۇشى قىممەت قانۇنىيىتى رولىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى دېيىمىز؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىشقا يېتەكلىدىم. ئوقۇغۇچىلار جاۋاپ بەرگەندىن كېيىن، قىسقىچە يىغىنچاقلاپ، يەكۈنلەپ، مۇنۇلارنى چۈشەندۈردۈم: قىممەت قانۇنىيىتى باھانىڭ قىممەت بىلەن ماسلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك شارائىتىدىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ قارىغۇلارچە ئېلىپ بېرىلىشى تۈپەيلىدىن، تەمىنلەش بىلەن تەلەپ (ئېھتىياج) نىڭ ئۆزگىرىشى باھانىڭ دائىم دېگۈدەك قىممەتنى چۆرىدەپ يۇقۇرى - تۆۋەن داۋالغۇپ تۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ، قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ ئىنكار قىلىنىشى بولماستىن، بەلكى دەل قىممەت قانۇنىيىتى رولىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى، (1) باھا قىممەتتىن زادىلا ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، باھا ھامان قىممەتتىن ئىبارەت مۇشۇ ئوقنى چۆرىدەپ داۋالغۇپ تۇرىدۇ. (2) تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەلۋەتتە، باھاغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، لېكىن باھامۇ ئۆز نۆۋىتىدە تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا، ئۇزاقراق ۋاقىتتىن قارىغاندا، باھا يەنىلا قىممەت بىلەن ماسلىشىدۇ.

(«ئوتتۇرا مەكتەپ سىياسىي دەرس ئوقۇتۇشى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 4 - سانىدىن)

ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. شۇڭا تېكىستلەرنى تاللاشتا ئەسەر سۈپىتى ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكى ئۆلچەم قىلىنغان. يەنى تاللانغان تېكىستنىڭ ئىدىيىۋىلىكىمۇ، تىلىمۇ ياخشى بولۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئۈلگە بولۇش كۆزدە تۇتۇلغان. ئىدىيىۋى مەزمۇنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۇستۇرۇش، پرولېتارىياتلىق مىجەز-خۇلقى ۋە كوممۇنىستىك ئەخلاق-پەزىلىتىنى يېتىشتۈرۈشكە ياردىمى بولىدىغان قىلىنغان. كىلاسسىك ئەسەرلەرگە نىسبەتەن، ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە ھازىرقى زامان ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى ئۆلچەملەر بويىچە تەلەپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئەمما "ئالدى بىلەن بۇ ئەسەرلەرنىڭ خەلققە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ قانداقلىقىنى، تارىختا ئىلغارلىق ئەھمىيىتى بولغان - بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ، ئايرىم ھالدا ئوخشىمىغان پوزىتسىيە قوللىنىش لازىم". ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىدا بەزى پاسسىپ ئامىللار بولسىمۇ، لېكىن مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان نادىر ئەسەرلىرىگە قارىتا، مەيلى قەدىمقى ياكى ھازىرقىسى بولمىسۇن، ئوقۇتۇش جەريانىدا بۇلارنىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق چۈشەنچە بېرىپ ۋە تەنقىتلەپ، ئوقۇغۇچىلاردا ناچار تەسىر پەيدا قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. تىلى جەھەتتە ئېيتقاندا قائىدىگە ئۇيغۇن بولۇشى، سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشى، جۈملە تۈزۈلۈشى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئابزاسلارنىڭ جايلىشىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۈلگە بولارلىق دەرىجىدە بولۇشى لازىم. تىلى قېلىپلاشمىغان ماقالىلارنى تېكىست سۈپىتىدە ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىشكە بولمايدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات ئاساس بىلىمى ۋە ئاساسىي ماھارىتىنىڭ يېتىشتۈرۈلۈشىدە تەرتىپ بويىچە تەدرىجىي ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت بىر جەريان بولغانلىقى ئۈچۈن، تېكىستلەرنىڭ چوڭقۇر - تېيىزلىقى، قىيىن ياكى ئوڭايلىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. مەزمۇنى بەك چوڭقۇر ياكى بەك تېيىز بولۇشىنىڭ ھەر ئىككىسى مۇۋاپىق ئەمەس؛ بەلگىلىك قىيىنلىق دەرىجىسى بولۇشى، ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوقۇغۇچىلار تىرىشىش ئارقىلىق چۈشىنەلەيدىغان ۋە ئىگىلىيەلەيدىغان بولۇش لازىم. تېكىست ئاستىدىكى ئىزاھاتلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش جەھەتتىكى توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلىشىغا، تېكىستنى چۈشىنىشى ۋە شۇ ئارقىلىق مەلۇم تىل - ئەدەبىيات بىلىمىگە ئىگە بولۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بېرىلگەن.

دەرس تېكىستى ئاخىرىدىكى "سوئال ۋە تاپشۇرۇقلار" تىل ۋە ئەدەبىيات ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس تېكىستىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە يېزىلىش ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش، پىلانلىق ھالدا ئوقۇش - يېزىش مەشقى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بېرىلگەن. ئۇ، تېكىستلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، ئوقۇتۇش پروگراممىسىنىڭ ھەرقايسى يىللىقلار ئۈچۈن بەلگىلىگەن ئوقۇش - يېزىش مەشقى جەھەتتىكى تەلەپلەر بويىچە تۈزۈلگەن بولۇپ، تېكىست ئوقۇتۇشنىڭ سىستېمىلىقلىقىنىڭ ئىپادىسى.

## 2. تىل ۋە ئەدەبىيات ئاساس بىلىملىرى ۋە ئاساسىي ماھارەت مەشقلىرى

تىل ۋە ئەدەبىيات ئاساس بىلىملىرى — گىرامماتىكا، لوگىكا، ئىستىلىستىكا ۋە ئەدەبىي ساۋاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

گرامماتىكىدا ـ مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىدى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىلنى توغرا چۈشىنىش ۋە قوللىنىشىغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ لوگىكىلىق پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈش بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭدا مەزمۇن ئىخچام بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. مورفولوگىيە جەھەتتە مۇھىملىرىدىن: سۆز دېگەن نىمە، سۆز تۈركۈملىرى، سۆز بىرىكمىسى، سۆز مەنىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، سۆز مەنىسىنىڭ كىرىشىپ كېتىشى، سۆزلەرنىڭ ئوخشاشمىغان تۈسلىرى قاتارلىقلار بار. سىنتاكسىس جەھەتتە مۇھىملىرىدىن: جۈملە تەركىۋى، يەنى ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت، ئاددىي جۈملە، قوشما جۈملە قاتارلىقلار بار.

لوگىكا بىلىملىرىنىڭ مۇھىملىرىدىن: ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي يەكۈن، ئوخشاشلىق قانۇنى، زىددىيەت قانۇنى، ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنى، تولۇق ئاساسلىق بولۇش قانۇنى قاتارلىقلار بار.

ئىستىلىستىكا بىلىمىدىن مۇھىملىرى: ئوخشىتىش، قىلىقلاندۇرۇش، مۇبالىغە، سېلىشتۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق شەكىللەر بار. بۇنىڭدىن مەقسەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئىدىيىسىنى ئېنىق ۋە ئوچۇق، جانلىق ۋە ئۆتكۈر ھالدا ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئۇستۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئەدەبىي ساۋاتلاردىن مۇھىملىرى: ئەدەبىي ژانىرلار ھەققىدىكى ساۋاتلار، بۇ ئۆز ئىچىگە شېئىرلار، ھېكايىلار، سەھنە ئەسەرلىرى، سەنۆپنلەرنى ئالىدۇ؛ ئەدەبىيات تارىخى ھەققىدىكى ساۋاتلار، مەسىلەن، دەرس تېكىستلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا بەزى يازغۇچىلارنى تونۇشتۇرۇش، بەزى ئەسەرلەرنى باھالاش؛ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ھەققىدىكى ساۋاتلار، مەسىلەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى، ئەدەبىي تەنقىت ئۆلچىمى، تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىقلار، بۇنىڭدىن مەقسەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېكىستلەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ھوزۇرلىنىش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇنداق ساۋاتلارنى بەك چوڭقۇر ۋە بەك كۆپ سۆزلەشكە بولمايدۇ.

تىل ۋە ئەدەبىيات ئاساسىي ماھارەت مەشىقلىرىدىن مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

خەت يېزىش مەشىقلىرى، بۇنىڭدا خەتنىڭ توغرا، رەتلىك، تېز يېزىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئاغزاكى ئىپادىلەش ئىقتىدارى جەھەتتىكى مەشىقلەر، بۇنىڭدا تەلەپپۇزى توغرا، سۆزى ئوچۇق، مەزمۇنىدا تەرتىپ بولۇش، ئورتاق ئەدەبىي تىلدا سۆزلەش تەلەپ قىلىنىدۇ.

يازمىچە ئىپادىلەش ئىقتىدارى جەھەتتىكى مەشىقلەر، مەسىلەن، ماقالا يېزىش مەشىقىدە نىشانلىق ئوق ئېتىش، سۆزىنىڭ تۇتامى بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، قۇرۇق گەپ قىلماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئوقۇش مەشىقلىرى، بۇنىڭ ئىچىگە سىياسىي ئوقۇشلۇقلار، پەن ـ تېخنىكا ئوقۇشلۇقلىرى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوقۇشلۇقلىرىنى ئوقۇش ئىقتىدارى جەھەتتىكى مەشىقلەر، شۇنداقلا ئوقۇش ئوڭايراق بولغان كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئىقتىدارى جەھەتتىكى مەشىقلەر كىرىدۇ. مەشىق تەلىۋى: ئالدى بىلەن چۈشىنىش، ئاندىن ئەستە تۇتۇش، ئۇندىن كېيىن مەلۇم سۈرئەتتە ئوقۇشتىن ئىبارەت.

تىل ۋە ئەدەبىيات ئاساسىي ماھارەت مەشىقلىرى داۋامىدا، يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى، تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى ۋە لوگىكىلىق پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنىمۇ مەشىق قىلدۇرۇش لازىم.

## 3. ماقالا يېزىش

ماقالا يېزىش — ساۋات چىقىرىش، سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش، ئابزاسلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئومۇمى مەشىق بولۇپ، تىل - يېزىق ئارقىلىق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان ئۇنىۋېرسال مەشىقتۇر. ماقالا يېزىشنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات ئۆگىنىشىنىڭ قانداقلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلىشقا بولىدۇ.

ماقالا يېزىش ئوقۇتۇشىدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بايان، چۈشەندۈرۈش ۋە مۇلاھىزە ماقالىلىرىنى ھەمدە ئادەتتىكى خەت - چەكلەر، يەنى خۇلاسە، پىلان، خاتىرە، تەكشۈرۈش دوكلادى قاتارلىقلارنى يازالايدىغان بولۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

ماقالا يېزىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا زۆرۈر بولغان "يېزىقچىلىق بىلىملىرى" نى ئۆگىتىش لازىم، بۇنىڭ مۇھىملىرى، بايان، چۈشەندۈرۈش، مۇلاھىزە جەھەتتىكى ئاساس بىلىملىرىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە بايان ئۆز ئىچىگە بايانىنىڭ مۇھىم ئامىللىرى، بايان قىلىش تەرتىۋى قاتارلىقلارنى ئالىدۇ؛ چۈشەندۈرۈش ئۆز ئىچىگە چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە تىلىنى ئىشلىتىش، چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىنىڭ ئىلمىيلىكى قاتارلىقلارنى ئالىدۇ؛ مۇلاھىزە ماقالىلىرى نۇقتىنەزەر، نەزىرىيىۋى ئاساس، نەزىرىيىۋى جەھەتتىن ئىسپاتلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە مۇشۇ بىرنەچچە خىل ئىپادىلەش شەكىللىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال قوللىنىلىش مەسىلىسىمۇ بار، مەسىلەن، بايان قىلىش جەريانىدىكى مۇلاھىزە ۋە لىرىكا، مۇلاھىزە جەريانىدىكى چۈشەندۈرۈش ۋە بايان قىلىش مەسىلىلىرى. ئۇندىن باشقا ماتېرىيال تاللاش، ئابزاسلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئاساسىي بىلىملەرمۇ بار مەسىلەن، مەركىزىي نۇقتا ۋە ماتېرىيال، باشلاش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش، تاپشۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇش، ئۆتۈش، ئابزاسلارغا ئايرىش قاتارلىقلار.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل - ئەدەبىيات سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، تىل ۋە ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى ئوقۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، دەرستىن سىرتقى تىل ۋە ئەدەبىيات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش لازىم.

(خەلق مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات مېتودى» دىن ئېلىندى)

# كۆزەتكۈزۈش ــ ئوقۇغۇچىلارنى ماقالا يېزىشقا يېتەكلەشنىڭ ياخشى شەكلى

زىلەيخان

(قورغاس ناھىيە ئۆكتەبىر كۆكشى نەمۇنە مەكتەپتىن)

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېشى كىچىك، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى ئاز، ھىس قىلىش دائىرىسىمۇ ھامان چەكلىك بولىدۇ. شۇڭا ماقالا ياردۇرۇشتا، ئۇلارنى ئالدى بىلەن تۇرمۇشنى كۆزىتىشكە يېتەكلەش ئىنتايىن مۇھىم. شۇ ئارقىلىق ئۇلارغا تۇرمۇشنىڭ قايناپ تۇرغان بۇلاقتەك ھاياتىي كۈچكە تولغانلىقىنى، تۇرمۇش ۋە تەبىئەتتە يېزىشقا تېگىشلىك ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ ناھايىتى كوپ ۋە خىلمۇ - خىللىقىنى بىلدۈرۈپ، مول تۇرمۇش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىش ھەۋىسىنى ۋە قىزغىنلىقىنى قوزغىغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار تۇرمۇشتىكى شەيئىلەر، ۋەقە ۋە ھادىسىلەر ئىچىدىن يېزىشقا تېگىشلىك تېمىلارنى تاللاش، قىسقىسى، سوزلەشكە سوز، يېزىشقا مەزمۇن تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۆزلىرى ئۆگەنگەن ئەدەبىي بىلىملەر بويىچە تەلەپكە لايىق ماقالىلارنى يېزىپ چىقالايدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنى كۆزىتىشكە ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ماقالا يېزىشقا يېتەكلەشتە، ئالدى بىلەن دەرسلىكتىكى يېزىقچىلىق قائىدە - قانۇنىيەتلىرىگە دائىر ئەدەبىي بىلىملەرنى ياخشى ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى دەسلەپكى يېزىقچىلىق ساۋادى بىلەن قوراللاندۇرۇش، شۇنىڭغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئۆلگىلىك تېكىستلەرنى ئۆتكەندە، ئۇنىڭدىكى كۆزىتىش ۋە ئىپادىلەش تەرتىۋىنىڭ قانداق بولغانلىقى، يەنى قانداق باشلانغان ياكى ئاخىرلاشتۇرۇلغانلىقى، ئاساسىي تېمىنىڭ قانداق ئېچىپ بېرىلگەنلىكى، شەيئىلەرنى كۆزىتىشنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلغانلىقى قاتارلىقلارنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ بىلدۈرۈش لازىم. مەن ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىم جەريانىدا بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، شۇ ئاساستا ئوقۇغۇچىلارنى بىۋاستە كۆزىتىش ئارقىلىق يېزىشقا يېتەكلىدىم. مەسىلەن، باشلانغۇچ مەكتەپ 10 - قىسىم ئەدەبىيات دەرسلىكىدىكى «قارىغاي ۋە سوگەت» دىگەن تېكىستنى ئۆتكەندە، ئاپتورنىڭ تاغ ۋە يايلاق مەنزىرىسى ھەققىدىكى جانلىق ۋە گۈزەل تەسۋىرىنى، ئوخشاش بولمىغان تۆلۆك شەيئىلەرنى تەسۋىرلەشتە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتقان ھالدا ئىنچىكىلەپ كۆزىتىپ، بىر - بىرلەپ تەدرىجىي چوڭقۇرلاپ بايان قىلغانلىقىنى، بولۇپمۇ قارىغاي بىلەن سوگەتنى نۇقتىلىق كۆزىتىپ، سېلىشتۇرۇپ يېزىش ئارقىلىق ئاساسىي تېمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بەرگەنلىكىنى ئاممىباپ تىل بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارغا ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى قانداق كۆزىتىش ۋە يېزىشتا نىمىلەرگە دىققەت قىلىش لازىملىقىنى كورسەتتىم. ئالدىن ئۆگەنگەن بۇ نەزىرىيىۋى بىلىملەرنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئوت-

كۆزۈپ مۇستەھكەملەش، ئوقۇغۇچىلارنى بىۋاستە كۆزىتىشكە ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق «قارىغاي ۋە سۆگەت» دېگەن تېكىستكە تەقلىد قىلغان ھالدا بىر پارچە كۆزىتىش، زىيارەت خاتىرىسى يازدۇرۇش ئۈچۈن، قورغاس ناھىيىلىك گىلەمچىلىك زاۋۇت رەھبەرلىكى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئوقۇغۇچىلارغا شۇ زاۋۇتنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرماقچى بولدۇم. زىيارەت باشلانغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي كەيپىياتى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. ئۇلار يول بويى تۈرلۈك شەيئىلەرنى قىزغىنلىق بىلەن كۆزىتىپ ماڭدى. سېخ مۇدىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلاپ، مۇھىم جايلىرىنى ۋە يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى خاتىرىلىدى. زاۋۇتنىڭ ئىچىنى كۆڭۈل قويۇپ ئارىلاپ، ئىنچىكىلەپ كۆزەتتى، توقۇمىچى قىزلارنىڭ چەۋەرلىكىگە، ئۇلارنىڭ ئەپچىل قول ھەرىكەتلىرىگە زوقلىنىپ قاراشتى. قىسقىسى، قىزغىن ئەمگەك مەيدانى، توقۇمىچىلارنىڭ رەڭدار گىلەملەرنى توقۇشتىكى ئۆتكۈر ئەقىل ـ پاراسەتلىرى ئۇلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى.

زىيارەتتىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنى بۇ توغرىلىق مۇزاكىرىگە ئورۇنلاشتۇردۇم. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىم ـ ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز تەسىراتلىرىنى ئاغزاكى ئىپادىلەش ئارقىلىق بايان قىلدۇرۇپ، يېزىشقا ئاساس ھازىرلاش ئىدى. ئوقۇغۇچىلار زىيارەت باشلانغاندىن ئاخىرلاشقانغا قەدەر كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە ھېس قىلغانلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ، كەم جايلىرىنى ئۆزئارا تولۇقلىدى. ئۆگەنگەن نەزەرىيىۋى بىلىمگە ئاساسەن، بۇ زىيارەتنىڭ قايسى جايىنى ئىخچام ياكى تەپسىلىي يېزىش، ئابزاسلارغا قانداق ئايرىش، ئۆزىگە قانداق تەدبىقلاش، يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى قانداق ئىشلىتىش قاتارلىقلار ئۈستىدە كەڭ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئاندىن ماقالىنى ئۆيلىرىدە يېزىپ كېلىشنى تاپشۇردۇم.

ئەتىسى ئۇلارنىڭ يازغان ماقالىلىرىنى يىغىۋېلىپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن 6 پارچە ماقالىنى تاللىۋېلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆرۈپ باھالىشىغا سۇندۇم. مۇنداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سېلىشتۇرۇپ باھالاش، پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلار ئۆز ساۋاقداشلىرىنىڭ ياخشى يېزىلغان ماقالىلىرىنى كۆرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كەم جايلىرىنى تولۇقلاپ، ئاجىزلىقلىرىنى تېپىپ چىقىپ، قولىنىڭ ئۇچىدىلا يېزىپ ئۆتكۈزۈۋېتىشتەك ناچار ئادىتىنى تۈگىتىشكە تىرىشىپ، يېزىش ھەۋىسىنى يېتىشتۈرىدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتە قاتتىق تەلەپ قويدۇم. ئوقۇغۇچىلار باھالاش جەريانىدا، ئۆز ماقالىلىرىدىكى ئارتۇقچىلىق ـ يېتەرسىزلىكلەرنى ھېس قىلىشىپ، ئۇنى قايتا رەتلەپ تولۇقلاپ يېزىپ كېلىشنى تەلەپ قىلغانلىقتىن، مەنمۇ بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ماقالىلىرىنى تولۇقلاپ ئىشلەشكە تاپشۇردۇم. نەتىجىدە، "ئۇن ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەۋزەل"، "قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقار" دېگەندەك، ئوقۇغۇچىلار بۇ قېتىم «گىلەمچىلىك زاۋۇتىغا زىيارەت» دېگەن تېمىدا خېلى ياخشى ماقالىلارنى يازدى. شۇنىڭدىن بىر قىز ئوقۇغۇچىنىڭ يازغان ماقالىسى مۇنداق:

"گىلەمچىلىك زاۋۇتىغا زىيارەت

بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بىز سىنىپ باشلىقىمىزنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەكتەپ مەيدانىغا رەتلىك تىزىلدۇق. ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز بىزنى گىلەمچىلىك زاۋۇتىغا ئاپىرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ھەممىمىز خۇشاللىقىمىزدىن چاۋاك چېلىپ سەكرىشىپ كەتتۇق. مەكتەپ بىلەن زاۋۇت ئارىلىقى تەخمىنەن بىر كىلومېتىردەك كېلەتتى. بىز پاكىز تازىلانغان بازار كوچىسىدا كېتىۋاتىمىز. باھارنىڭ ئىللىق شامىلى يۈزۈمنى سىلاپ، ياغلىقىمنى بىلىنەر ـ بىلىنـ

مەس ئۇچۇرۇپ تۇراتتى. مانا، بىز زاۋۇتنىڭ تومۇر رىشاتكىلىق دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدۇق.

دەرۋازىدىن كىرگىنىمىزدە، ئارىلىق يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى سۇۋادان تېرەكلەر، قىشمۇ - ياز كوكۇرۇپ تۇرىدىغان قارىغايلار ماڭا خۇددى بىزنى قارشى ئېلىش ئۇچۇن تىزىلغان جەڭچىلەردەك بىلىندى. شۇئان ھەممىمىزنىڭ كوزى كوچا تەرەپكە قارىتىپ قويۇلغان دوسكىغا، ئۇنىڭدىكى قىزىل بور بىلەن يېزىلغان ئىسىملارغا چۈشتى! بۇلار ھەر ئايلىق نورمىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغان نەمۇنىچىلارنىڭ ئىسىملىكى ئىكەن. مەن بۇنىڭدىن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە سوتسيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىلىرىنىڭ بەس - بەس بىلەن قانات يېيىپ كەتكەنلىكىنى، ئەمگەك ئارقىلىق نەتىجە قازانغانلارنىڭ ھەممە يەردە قەدىرلىنىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھىس قىلدىم.

بىز قىل ۋە يۇڭ سېخلىرىنى ئارىلاپ، گىلەمچىلىك سېخىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئىگىز، قارامتۇل كەلگەن، 40 ياشلار چامىسىدىكى سېخ مۇدىرى زاۋۇت قۇرۇلغاندىن ھازىرغىچە بولغان تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

گىلەمچىلىك سېخى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئىككى تەرەپكە گىلەم توقۇش جازىلىرى قويۇلغان، ھەر بىر گىلەم توقۇش جازىسى ئالدىدا ئىككىدىن ئاق خالاتلىق ئىشچى جىددى گىلەم توقۇشقا كىرىشكەن ئىدى. توقۇلۇۋاتقان گىلەملەرنىڭ بەزىلىرى پۈتەي دەپ قالغان، بەزىلىرى يېرىملاشقان، بەزىلىرى ئەمدىلا باشلانغان ئىدى. بىز سېخ ئىچىنى ئارىلاش جەريانىدا، يوغان كوزلۇك، دۈگىلەك يۇزلۇك، 25 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئۇيغۇر قىزى بىزگە تۇرلۇك يېڭى گىلەم نۇسخىلىرىنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇردى. بۇ گىلەملەرگە تۇرلۇك گۇللەر ۋە نەقىشلەر، شۇنىڭدەك شىر، بۇغا، ئات، قالغاچ قاتارلىقلارنىڭ سۇرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئىنتايىن نەپىس ۋە كوركەم ئىدى. بىز ئۇزىمىزنى خۇددى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان پەرىزاتلار دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك ھىس قىلىشتۇق.

— پاھ، پاھ! نىمىدىگەن چىرايلىق توقۇلغان گىلەملەر بۇ! — دەۋەتتىم مەن ئىختىيارسىز ھالدا يېنىمدىكى ساۋاقدىشىمغا، — بۇلارنىمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەملەر ئىشلەيدۇ - ھە، بۇلار نىمىدىگەن ئېپلىلىق كىشىلەر...

— قارا، ئۇلارنىڭ قول ھەركىتىنىڭ تېزلىكىنى، ھەر قانچە سىنچىلاپ قارىسىمۇ ئۇلارنىڭ يىپنى قانداق تۇتۇپ، قانداق توقۇۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ، — دىدى ساۋاقدىشىمۇ قايىل بولۇپ. مەن كوڭلۇمدە: 'قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كوڭۇل قويغان ئادەمگە' دىگەندەك، بىزمۇ ئۇگىنىشكە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، تىرىشىپ قېتىقىنىپ ئۇگەنسەك، ئاق قەغەزگە كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدىغان گۇزەل نەقىشلەرنى سىزالامدۇق؟ دىگەنلەرنى ئويلىدىم. ئەنە شۇ كۇندىن باشلاپ، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا تېخىمۇ تىرىشىپ ئۇگىنىپ، ئۇزلۇكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىنتىلىشتەك بىر خىل كۇچ ۋە ئىرادە مۇستەھكەم ئورۇن ئالدى".

دىمەك، مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۇزىتىش ئارقىلىق ماقالا يېزىشقا يېتەكچىلىك قىلىشتا، ئالدى بىلەن كۇزەتكۇزۇش، ئاندىن كۇزەتكەنلىرىنى ئاغزاكى ئىپادىلەش ۋە بايان قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇش، ئاخىرىدا ئۇنى ئۇزلىرى ئۇگەنگەن نەزىرىيۋى بىلىملەرگە بىرلەشتۇرۇپ يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەشكە يېتەكلىدىم. يازغانلىرىنى بىر - بىرلەپ تەكشۇرۇپ تۇزىتىپ ۋە نومۇر قويۇپ، ياخشى يېزىلغانلىرىنى تام گېزىتىگە چىقاردىم، ئۇز سىنىپى ۋە پاراللېل سىنىپلاردىكى ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارغا ئىلھام بەردىم.

كۇزىتىش ۋە ئۇنىڭدىن ماقالا يېزىشنىڭ شەكلى خىلمۇ - خىل بولۇشى لازىم، بىرلا

خىل شەكىل بىلەن چەكلىنىپ قېلىشقا بولمايـ
دۇ. مەسىلەن، ئۆزىگە يولۇققان كۈندىلىك ئەھـ
مىيەتلىك ئىشلاردىن خاتىرە يېزىش، لېي فېڭـ
چە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ئىشلىرى ۋە ئەلاـ
چى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلى، تىرىشـ
چانلىقلىرىنى يېزىش، تۈرلۈك ئوي ھايۋاناتلىرىـ
نى، مەكتەپ قورۇلۇشى ۋە مەنزىرىسىنى، ھەر
خىل تەنتەربىيە مۇسابىقىسى پائالىيەتلىرىنى كۆـ
زىتىش ئارقىلىق يېزىش، كىنو ۋە كىتاپ كوـ
رۇشتىن تەسىرات يېزىـــش قاتارلىق تـۈرلۈك
شەكىللەرنى قوللىنىش كېرەك. بولۇپمـۇ دائىم
بىللە يۈرىدىغان ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىلغار ئىش
ئىزلىرى، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتا ئۆزىگە قىلـ
غان ياردىمى قاتارلىقلار ئۇلاردا ئـۇنتۇلغۇسىز
چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ. بۇ جەھەتتە ئوـ
قۇغۇچىلارنى كۈزىتىپ يېزىشقا يېتەكلەشنىڭ ئۈـ
نۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

مەن 10 - قىسىم ئەدەبىيات دەرسلىكىدىـ
كى «جاڭگاللىقتا قونـۇش» دېــگەن تېكىستنى
ئوتۇپ بولغاندىن كېيىن، شۇنىڭغا تەقلىت قىلـ
غان ھالدا، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز سىنىپىدىكى ساـ
ۋاقداشلىرىدىن ھـەبىبەم بىلــەن گـۈلپىيەنىڭ
دوستلۇغى ھەققىدىكى ۋەقەنى يېزىشقا يېتەكلىـ
دىم. بۇ ۋەقە مۇنداق ئىدى: گۈلپىيە بىلـەن
ھەبىبەم ئەسلىدە بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇيـ
دىغان ياخشى دوستلاردىن بولسىمۇ، لېكىن بىر
قېتىملىق سىناشتا ھەبىبەم بىر مەسىلىنىڭ فورـ
مۇلاسىنى تۈزەلمەي، گۈلپىيەدىن تۈزەپ بېرىشـ
نى ئىيتقاندا، ئۇ بۇنى رەت قىلىدۇ، شۇڭا ھەـ
بىبە بۇنىڭدىن رەنجىپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇنغىچـــە
گەپ قىلماي يۈرىدۇ. كېيىن ھەبىبەم ئاغرىـپ
يېتىپ قالغاندا، گۈلپىيە ئـۇنى كۈندە يـوقلاپ
بېرىپ، ئوتۈلگەن دەرسلەرنى تەكرارلاپ بېرىدۇ.
ھەبىبەم بۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭـ
غا بىر دوستلۇق خاتىرىسـى تەقدىم قىلىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارغا بۇ ۋەقەنى يېزىشقا يېتەكچىـ
لىك قىلىشتا، ئالدى بىلەن ئۇنى ئوقۇغۇچىلار
مۇزاكىرىسىگە قويۇپ، قانداق باشلاش، قانداق
ئاخىرلاشتۇرۇش، مۇھىم سوز - جۇملىلەر ۋە
دىالوگلارنى قانداق ئېلىش، تېمىنى قانداق قوـ
يۇش كېرەكلىكىنى سوزلەتتىم. بۇ جەھەتتە توـ
لۇق مۇزاكىرە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ماقالىـ
نى ئويلىرىدە يېزىپ كېلىشنى، يازغاندا ئوقۇـ
غۇچىلارنىڭ ھەممىسى ۋەقەنى ھەبىبەمنىڭ ئاغـ
زىدىن بايان قىلىشنى تەلەپ قىلدىم. نەتىجىدە
ئوقۇغۇچىلار بۇ جەھەتتە خېلى ياخشى ماقالىـ
لارنى يازدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئوقۇغۇچىنىڭ
ماقالىسى مۇنداق:

"دوست بولسا شۇنداق بولسا

ھىسـاپ ئىمتىھانى ئوڭ ھەم سول تەرەپ
بويىچە ئېلىندى. گۈلپىيە ئوڭ تەرەپتـە، مەن
سول تەرەپتە ئولتۇراتتىم. مەن 4 - مەسىلىنىڭ
فورمۇلاسىنى پەقەت تۈزەلمىدىم. گۈلپىيـە ماڭا
قارىغاندا دەرستە ياخشى بولغاچقا، ئۇ ئوڭ تەـ
رەپنىڭ سوئاللىرىنى ئىشلەپ بـولاي دەپ قالـ
غان ئىدى. مەن ئۇنىڭغا:

— دوستۇم گۈلپىيە، ماڭا 4 - مەسىلىنىڭ
فورمۇلىسىنى تۈزەپ بەرگىنە، — دېدىم ئاستا
پىچىرلاپ.

.........

ئۇنىڭدىن جاۋاپ چىقمىدى.

— تۈزەپ بەرسەڭ نىمەڭ كېتىدۇ، تۈزـ
ۋېتە، — دېدىم مەن يەنە ئۇنى نوقۇپ.

— ئىمتىھاندا ئېيتىپ بەرسەم، ساڭا دۈشـ
مەنلىك قىلغان بولىمەن.

— ئېيتىپ بەرسىمۇ دۈشمـەنلىك قىلغان
بولامدىكەن؟

— ئـۇنداق قىلسام سېنىڭ مېڭە ئىشلىتىـ
شىڭگە تەسىر يېتىدۇ. بۇ دۈشمەنلىك بولمامدۇ؟

مەن: "ئۇ مېنى ئىمتىھاندا يۇقۇرى نومۇر
ئېلىۋالمىسۇن دەپ ئىچى تارلىق قىلىپ، قەسـ

ئەن شۇنداق دەۋاتىدۇ. دوستلۇقنىڭ يۈزىــنى
قىلمىــدى' دەپ قاتتىق خاپا بــولدۇم. لېكىن
ئىمتىھان مەيدانىدا ئارتۇقچە سوزلەشكە پۇرسەت
يوق ئىدى.

شۇندىن تارتىپ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىــ
لىشمايدىغان بولدۇم. مەكتەپتىمۇ بىللە قايتــ
مايمەن، مەھەللىدىمۇ بىللە ئوينىمايمەن، كەچكى
مۇزاكىرىنىمۇ بىللە قىلمايمەن، لېكىن يا خـ
شى ئىشلارنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە قىلمايدىــ
غان بولدۇم، دەرسخانىدا بىللە ئولتارغاندىــمۇ
ئۇنىڭغا قارىماي يانتۇ ئولتۇرىــمەن. شۇنداق
قىلىپ بىر ئاي ۋاقىت ئۆتتى.

يازلىق ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالغاندا، تۇ-
يۇقسىز تولغاق بولۇپ، بالنىستا يېتىپ قالدىم.
ئىككى كۈندىن كېيىن ساۋاقداشلىرىم مېنى
يوقلاپ كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە گــۈلپىيەمۇ بار
ئىدى. مەن ئۇنىڭغا قېيداپ قارىماسلىققا ھەر-
كەت قىلغان بولسامۇ، لېكىن ئۇ قېشىمغا كېـ
لىپ قىزغىنلىق بىلەن ھال سورىدى. ئاخىرىدا:

— خاتىرجەم داۋالان، مــەن ھەر كــۈنى
دەرستىن چۈشكەندە كېلىپ، كۈندىلىك دەرســ
لەرنى ساڭا ئۆگىتىپ ماڭىمەن، — دىدى، مەن
نىمە دېيىشىمنى بىلەلمــەي تــۇرۇپ قــالدىم.
دوستلۇرۇم مەن ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن كەمپىت،
ئالمىلىرىنى يېنىمدا قويۇپ، خۇشلىشىپ قايتىپ
كەتتى. گۈلپىيە كەتمەي، سومكىسىدىن كىتاپ -
دەپتەرلىرىنى ئالدى - دە، ماڭا ئىككى كۈن
ئىچىدە ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى چۈشەندۈرۈشكە
باشلىدى. شۇندىن تارتىپ ئۇ ھەر كۈنى بۇ
ئىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەچ قايتىپ كېتەتتــى.
مەنمۇ ئۇنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىنىپ كۈتەتــ
تىم. ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقىش ۋاقتىدا،
ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا قانداق جاۋاپ بېرىشنى بىلـ
مەي، ئاخىرى بىر خاتىرە دەپتەر تەييارلىدىم -
دە، ئۇنىڭ ئىچىگە:

'گۈلپىيە، سەن مېنىڭ چىن دوستۇم. چۈنـ
كى سەن ماڭا ھەقىقى كويۇنىسەن ۋە غەمخور-
لۇق قىلىسەن. باشقىلارغىمۇ شۇنداق. مەن سې-
نىڭ بۇنداق ئىسىل پەزىلىتىڭنى دائىم ئۆگىنىــ
مەن' دەپ يازدىم ۋە ئۇنى دوستلۇق خاتىــ
رىسى ئۈچۈن گۈلپىيەگە تەقدىم قىلدىم. قاراڭ،
دوست بولسا شۇنداق بولسا - ھە!"

دىمەك، ماقالا يازدۇرۇشتا ئوقۇغۇچىلارنى
تۇرمۇشنى كۆزىتىشكە يېتەكلەش، تەكرار مەشق
قىلدۇرۇشنىڭ پايدىسى ئەنە شۇنداق زور. ئە-
گەر ئۇنداق قىلمىغان بولسام، بالىلارنىڭ مۇ-
شۇنداق ياخشى ماقالىلارنى يېزىشــى مۇمكىن
ئەمەس ئىدى.

( بېشى 41 - بەتتە )

جىم ئولتارسا، ئوقۇتقۇچى دەسلەپ سوزلىگەنـ
لىرىنى يەنە تەكرارلايدۇ - دە، ئوقۇغۇچىلار-
دىن ئۇزىنىڭ سوزلىگەنلىرى بويىچە ئېيتىپ
بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار
يادلاشقا مەجبۇر بولۇپ، تار رامكا ئىچىدىن
چىقالمايدۇ. مۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس.
ئوقۇغۇچىلار ئاساسى مەزمۇننى تۇتقا قىلىپ،
ئوقۇتقۇچىنىڭ سوزىنى كېڭەيتىپ ياكى قىسقار-
تىپ دەپ بېرەلەيدىغان، سوز - جۈملىلەرنى
ئۆزگەرتىپ تۈزەلەيدىغان بولۇشى لازىم. كې-
رەم مۇئەللىم مۇشۇنداق يول بىلەن مېڭىپ،
ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتقۇچىنىڭ تار رامكىسى
ئىچىدىن ئازات قىلدى، كېيىنكى سوز -
جۈملىلەرنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوز تىلىغا ئاي-
لاندۇرۇپ بايان قىلدۇردى. بۇ، ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ پىكىر قىلىش ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارى-
نى ئاشۇرۇشتا، شۈبھىسىز، مۇھىم رول ئوينايدۇ،
چۈنكى ئوقۇغۇچىلار ئوز تەپەككۇرىنى ئىشقا
سېلىش ئارقىلىق قۇراشتۇرۇپ چىققان سوز -
جۈملىلەر ئوقۇتقۇچىنىڭ سوزلەپ چۈشەندۈر-
گىنىگە قارىغاندا كوپ مۇستەھكەم بولىدۇ. بىز
بۇنداق ياخشى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىن ئۆگىنى-
شىمىز لازىم.

# پىكىر قىلىش ۋە ئىپادىلەش مەشقى قىلدۇرۇلغان بىر سائەتلىك دەرس


**ھاكىمجان مەسۇم**

(توقسۇ ناھىيىلىك مائارىپ بولۇمىدىن)


ئەدەبىيات دەرسى — ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھـ
نىنى ئېچىش، پىكىر قىلىش ۋە ئىپادىلەش
ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشتىكى بىر ياخشى قورال.
نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار چوڭقۇر ئىزدىنىش ۋە
تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئەدەبىيات دەرسىنىڭ
بۇ جەھەتتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ،
ئەمەلىي ئوقۇتۇش خىزمىتىدە ياخشى نەتىجىلەرگە
ئېرىشمەكتە. بىز بۇنداق تەجرىبىلەرنى يەكۈنـ
لەپ كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇـ
نۇشقا ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق، ئەدەبىيات
ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشى
ۋە مۇكەممەللىشىشىگە يول ئېچىشىمىز لازىم.
مەن شۇ مەقسەتتە ياخشى ئۆتۈلگەن بىر
سائەتلىك دەرسنىڭ ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىچە
تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىنى تەكـ
شۈرۈش ئۈچۈن، يېقىندا ناھىيىلىك 1 - باشـ
لانغۇچ مەكتەپ 2 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوـ
قۇتقۇچىسى يولداش كېرەم قۇربانىنىڭ بىر ساـ
ئەتلىك ئەدەبىيات دەرسىنى ئاڭلىدىم. بۇ ساـ
ئەتلىك دەرستە ئۇ 4 - قىسىم ئەدەبىيات دەرسـ
لىكىدىكى «قورقۇنچاق توشقان» دېگەن تېكىستـ
نى ئۆتتى. ئەسلى، ئالدىنقى سائەتلىك دەرسـ
تە ئوقۇغۇچىلارغا بۇ تېكىستنى ئوقۇش ئۆگـ
تىلگەن ۋە يېڭى، قىيىن سۆز - جۈملىلەر
چۈشەندۈرۈلگەن، بۇ سائەتلىك دەرستە بولسا،
ئوقۇغۇچىلار مۇھاكىمىسى ئارقىلىق تېكىست
مەزمۇنىنى ئىگەللىتىش، بۇ جەرياندا ئۇلارنى
پىكىر قىلىش ۋە ئىپادىلەش مەشقى قىلدۇرۇشقا
قوزغاش مەقسەت قىلىنغان ئىكەن.

ئوقۇتقۇچى يېڭى دەرس ئۆتۈشتىن ئىلـ
گىرى ئوقۇغۇچىلارنى سىناشتا، بىر ئوقۇغۇچىغا
مۇشۇ تېكىستنى ئوقۇتۇپ كۆرگەن ئىدى، ئۇ
تېز ۋە راۋان ئوقۇغان بولسىمۇ، لېكىن ئوـ
قۇتقۇچى بۇنىڭ بىلەن قانائەتلەنمەي، تېكىست
ئىچىدىكى "ئۇ قورقۇپ كېتىپ قاتتىق ۋاقىرـ
ۋېتىپتۇ - دە، بەدەر قېچىپتۇ"، "ئۇ ئۆز -
ئۆزىگە ماختىنىپ: 'ئەگەر يۈگۈرۈك بولۇپ
تۇغۇلمىغان بولسام، ئىككى مۈڭگۈزلۈك يىرتقۇچـ
نىڭ قولىدا پارە - پارە بولۇپ كېتەتتىم،
جاھاندا مەندەك يۈگۈرۈك، مەندەك زېرەكنى
ئىزلەپ تېپىش مۇمكىن ئەمەس' دەپتۇ"، "نەـ
گىلا بېرىپ توختىسا، 'ئىككى مۈڭگۈزلۈك ھايـ
ۋان' زادىلا نېرى كەتمەي ئۇنى يەۋېتىدىغانـ
دەك ئۇنىڭ يېنىدىلا قاراپ تۇرغىدەك" دېگەن
جۈملىلەرنى توغرا ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇشنى،
بولۇپمۇ "دە"، ئۇلانمىسى، "بەدەر، يەۋېتىدىـ
غاندەك، قاچە - قاچ، پارە - پارە، مەندەك"
دېگەن سۆزلەرنى ئۇرغۇلۇق ئوقۇش ھەمدە
كوچۇرمە جۈملىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئالدى -
كەينىدىكى ئاپتور سۆزىنى پەرقلەندۈرۈپ ئوـ
قۇشقا دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ياخشى
ئوقۇيالمىغان جايلىرىنى باشقىلارغا ئوقۇتتى
ياكى ئۆزى ئۆلگە قىلىپ ئوقۇپ بەردى.
شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئوقۇغۇچى گەرچە تېز،
راۋان ئوقۇپ بېرەلىگەن بولسىمۇ، لېكىن يوـ

قۇرىدىكى تەلەپنى ياخشى ئورۇنلىيالمىغانلىقتىن، تولۇق نومۇر ئالالمىدى.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش زورۇركى، بەزىلەر ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتۇپ سىناشقا ئانچە ئېتىۋار بەرمەيدۇ. ئۇلار: "بىرىنچى يىللىقتا ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتۇپ سىنىسا بولىدۇ، يۇقۇرى يىللىقلاردا ئوقۇغۇچىلار كىتاپ ئوقۇشنى بىلگەچكە، تېكىست مەزمۇنىنىلا سوزلىتىپ سىناش لازىم" دەپ قارايدۇ؛ ئوقۇتۇپ سىنىغاندىمۇ، قانچە تېز ئوقۇسا، شۇنچە ياخشى نومۇر قويىدۇ. بۇ، توغرا ئەمەس. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېكىست ئوقۇش سەۋىيىسىگە قاراپمۇ ئۇلارنىڭ تېكىست مەزمۇنىنى چۈشىنىش دەرىجىسىنى بىلگىلى بولىدۇ. شۇڭا بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئارقىدىنلا ئوقۇتقۇچى يېڭى دەرسكە ئوتۇپ، يېتەكلەش سوئاللىرى بويىچە ئوقۇغۇچىلارنى پىكىر قىلىشقا قوزغىدى. ئالدى بىلەن "نىمە ئۈچۈن 'ئىككى مۈڭگۈزلۈك ھايۋان' يوقاپ كەتتى؟" دىگەن سوئالنى قويغاندا، ئوقۇغۇچىلار توغرا جاۋاپ بېرەلمىگەن ئىدى، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى ئاساس قىلماي، بەلكى ئوقۇغۇچىلاردىن: "'ئىككى مۈڭگۈزلۈك ھايۋان' ئەسلى نىمە ئىدى؟" دەپ سورىدى. ئوقۇغۇچىلار بىردەك: "توشقاننىڭ سايىسى ئىدى" دەپ جاۋاپ بەردى. ئوقۇتقۇچى: "توغرا، ئۇ ھەقىقەتەن 'ئىككى مۈڭگۈزلۈك ھايۋان' ئەمەس، بەلكى توشقاننىڭ سايىسى ئىدى. ئۇنداق بولسا، توشقان دەرەخ ئاستىغا كەلگەندە، نىمە ئۈچۈن توشقاننىڭ سايىسى يوقاپ كېتىدۇ؟" دەپ سورىۋىدى، بۇنىڭغا جاۋاپ بېرىشكە خېلى كوپ ئوقۇغۇچىلار قول كوتەردى. بىر ئوقۇغۇچى: "دەرەخ سايىسىدا توشقاننىڭ سايىسى چۈشمەيدۇ" دەپ جاۋاپ بەردى. ئوقۇتقۇچى: "توغرا، زادى نىمە ئۈچۈن چۈشمەيدىغانلىقىنى كىم ئېيتىپ بېرىدۇ؟" دەپ سوئال قويدى. بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ: "ئۇنىڭ ئىچىدە سايە چۈشمەيدۇ، تالاغا چىقسا سايە چۈشىدۇ" دىدى. يەنە بىرى: "دەرەخ سايىسىدا سايە چۈشمەيدۇ، ئاپتاپ بار يەردە سايە چۈشىدۇ" دىدى. ئاندىن ئوقۇتقۇچى سوئالنىڭ يونىلىشىنى ئوزگەرتتى:

— توشقان دەسلەپ قەيەردە ئويناۋاتاتتى؟

— توشقان دەسلەپ ئاپتاپتا ئويناۋاتاتتى.

— نىمە ئۈچۈن ئاپتاپتا توشقاننىڭ سايىسى چۈشىدۇ؟

— ئاپتاپ بولغانلىقتىن توشقاننىڭ سايىسى چۈشىدۇ.

— ئاپتاپ دىگەن نىمە؟

— كۈن نۇرىنى ئاپتاپ دەيمىز.

— كۈن نۇرى بولمىسا سايە چۈشەمدۇ؟

— كۈن نۇرى بولمىسا سايە چۈشمەيدۇ.

ئاندىن ئوقۇتقۇچى يەنە ئالدىنقى سوئالنى تەكرارلىدى:

— ئۇنداق بولسا، دەرەخ سايىسىدا نىمە ئۈچۈن توشقاننىڭ سايىسى چۈشمىدى؟

— دەرەخ سايىسىدا كۈن نۇرى بولمىغانلىقتىن، توشقاننىڭ سايىسى چۈشمىدى.

— دەرەخ تۈۋىدە نىمە ئۈچۈن كۈن نۇرى بولمايدۇ؟

— چۈنكى، دەرەخنىڭ شاخ - يوپۇرماقلىرى كۈن نۇرىنى توسىۋالىدۇ.

ئۇنىڭ كەينىدىن ئوقۇتقۇچى:

— توشقان دەرەخنىڭ ئاستىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ سايىسى نىمە ئۈچۈن يوقاپ كەتتى؟ كىم جۈملىنى تولۇق ئېلىپ جاۋاپ بېرىدۇ؟ — دەپ سورىدى. ئوقۇغۇچىلار:

— دەرەخنىڭ شاخ - يوپۇرماقلىرى كۈن نۇرىنى توسىۋالغانلىقتىن، دەرەخ سايىسىدا توشقاننىڭ سايىسى چۈشمەيدۇ، شۇڭا توشقاننىڭ سايىسى يوقاپ كەتتى، — دەپ جاۋاپ بەردى. ئاندىن ئوقۇتقۇچى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ:

ــ توشقان دەرەخ ئاستىغا كەلگەندە،
«ئىككى مۈڭگۈزلۈك ھايۋان» نىڭ نىمە ئۈچۈن
يوقاپ كەتكەنلىكىنى كىم تولۇق سوزلەپ بېرە-
دۇ؟ ــ دەپ سورىدى. ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەك-
لىشى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ئاخىرى:
ــ «ئىككى مۈڭگۈزلۈك ھايۋان» ئەسلىدە
توشقاننىڭ سايىسى ئىدى. توشقان دەرەخ ئاس-
تىغا كەلگەندە، دەرەخنىڭ شاخ - يوپۇرماقلى-
رى ئاپتاپنى توسۇۋالغانلىقتىن، توشقاننىڭ
سايىسى چۈشمىدى، شۇنىڭ بىلەن «ئىككى
مۈڭگۈزلۈك ھايۋان» يوقاپ كەتتى، ــ دەپ،
جۈملىنى تولۇق ئېلىش ئارقىلىق جاۋاپ بەر-
دى. يەنى ئۆز چۈشەنچىسىنى مۇكەممەل جۈم-
لىلەر ئارقىلىق چۈشىنەرلىك قىلىپ ئىپادىلەش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ يەردە، ئوقۇت-
قۇچى ئوقۇغۇچىلاردىن دەرەخ ئاستىدا
ئاپتاپ بولمىغانلىقتىن، توشقان ئۇنىڭ
ئاستىغا كەلگەندە سايىسىنىڭ يوقالغانلىقىنى
چۈشىنىۋېلىشنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ مۇشۇ
ھەقتىكى ئۆز چۈشەنچىسىنى ئېغىز ئارقىلىق
توغرا، ئېنىق قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىشىنى تەلەپ
قىلدى. شۇڭا ئوقۇتقۇچى ئۆزى سوزلەپ چۈ-
شەندۈرۈشنى ئەمەس، بەلكى ئوقۇغۇچىلارغا پىكىر
قىلىش ۋە سوزلەشنى ئۆگىتىشنى ئۆز ۋەزىپىسى
قىلدى. تەلەپ مۇۋاپىق بولغانلىقتىن، ئوقۇغۇچى-
لارمۇ ئۇنىڭغا زېچ ماسلاشتى - دە، بۇسائەت-
لىك دەرس مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى (بۇ
دەرسنىڭ خۇلاسە قىسمى 3 - سائەتتە ئوتۇل-
مەكچى).

بەزى ئوقۇتقۇچىلار تېكىستلەرنى ئوتۇش-
تە، تېكىست مەزمۇنىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈ-
شىنىۋېلىشى جەھەتتىلا كۈچ چىقىرىپ، ئۆزى
سوزلەپ چۈشەندۈرۈشكىلا بېرىلىپ كېتىدۇ.
ئەگەر كېرەم مۇئەللىممۇ بۇ تېكىستنى شۇنداق
ئوتكەن بولسا، ئوقۇغۇچىلار "توشقان دەرەخ
ئاستىغا كەلگەندە نىمە ئۈچۈن «ئىككى مۈڭگۈز-
لۈك ھايۋان» يوقاپ كەتتى؟" دىگەن

سوئالغا جاۋاپ بېرەلمىگەندە، يۇقۇرقىدەك
يېتەكلەش سوئاللىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى
سوزلەتمەي، بەلكى: "دىققەت قىلىڭلار، مەن
ئېيتىپ بېرەي، توشقان دەرەخ ئاستىغا كەل-
گەندە، دەرەخنىڭ يوپۇرماق - شاخلىرى كۈن
نۇرىنى توسىۋېلىپ ئاپتاپ چۈشەرمىگەنلىكتىن،
توشقاننىڭ سايىسى يوقاپ كېتىدۇ. چۈشەندىڭ-
لارمۇ؟" دەيدۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ تەبىئى ھالدا:
"چۈشەندۇق!" دەپ جاۋاپ بېرىپلا ئوتۇپ
كېتىدۇ. نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر قى-
لىش ۋە ئۇنى سوز بىلەن ئىپادىلەش ئىقتى-
دارى چەكلىنىپ ئۇچرايدۇ.

شۇنى بىلىش لازىمكى، باللار ئاپتاپتا
سايە چۈشىدىغانلىقىنى، ئاپتاپ يوق يەردە
سايە چۈشمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار
بۇنى ئۆز ئەمىلي تەجرىبىسىدىن ئوتكۈزگەن.
ئەگەر ئۇلارغا: "قانداق جايدا ئادەمنىڭ ساي-
سى چۈشىدۇ؟" دەپ سورالسا، ئۇلار ھېچ ئىك-
كىلەنمەي: "ئاپتاپ بار جايدا" دەپ جاۋاپ
بېرىشى مۇمكىن. دىمەك، «پايدىلىنىش ماتېرى-
يالى» دا ئېيتىلغاندەك "ئوقۇتقۇچى
ئوقۇغۇچىلارغا توشقان دەرەخنىڭ ئاستىغا كەل-
گەندە ئۇنىڭ شاخ - يوپۇرماقلىرى كۈننىڭ
نۇرىنى توسىۋالغانلىقى، يەنى ئاپتاپ چۈشمى-
گەنلىكى ئۈچۈن، توشقاننىڭ سايىسى يوقالغان-
لىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشى لازىم" لىقى بۇ
تېكىستنىڭ ئىككىنچى قاتلام مەزمۇنىنى ئوقۇ-
تۇشنىڭ ئاساسى ئەمەس، شۇنداقلا بۇ، تېكىست
ئوقۇتۇشنىڭ مەقسىدىمۇ ئەمەس، بەلكى بۇ
يەردىكى مەقسەت ــ مۇشۇ مەزمۇن (چۈشەن-
چە) نى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانداق سوز ياكى
جۈملە شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەشنى ئۆ-
گىنىۋېلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى تې-
كىست مەزمۇنىنى سوزلەشكە ئۈيۈشتۈرۈشتا،
ئالدى بىلەن ئۇنى ئۆزى سوزلەپ بېرىپ:
"چۈشەندىڭلارمۇ؟" دەپ سورايدۇ. ئوقۇغۇچىلار

( ئاخىرى 38 - بەتتە )



新育张

# ماتېماتىكا دەرسلىگىدىكى راتسىئونال سانلارنى كوپەيتىشنى قانداق ئوتتۇم

يۇسۇپ ئىلياس

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 1 - يىللىق ماتېماتىكـا دەرسلىگىنىڭ راتسىئونال سانلار بابىدىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى ئوتۇش ئالگېبرادىكى مۇندىن كېيىن كېلىدىغان بارلىق مەزمۇنلارنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پۇختا ئوزلەشتۇرۇشىگە ئاساس يارىتىدۇ.


بۇ بابتىكى مۇھىم نۇقتا راتسىئونال سانلار بىلەن ئىشلىنىدىغان تـوت ئەمـەلنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىنى ئىگەللەش بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقـۇغـۇچىلارنىڭ چۈشىنىشىگە قىيىن بولغان نۇقتا راتسىئونال سانلارنى كوپەيتىش بىلەن بولـۇشنىڭ قـائىدىسىنى كەلتۇرۇپ چىقىرىش جـەريانىدىن ئىبـارەت. بۇ ئىككى ئەمەلنىڭ ئىچىدىكى بىردىن بىر هەل قىلغۇچ مەسىلە راتسىئونال سانلارنى كوپەيتىش ئەمىلىنىڭ قائىدىسى بولۇپ سانىلىدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلە هەل قىلىنىسىلا، بولۇش - كوپەيـتىشنىڭ تەتۇر ئەمىلى بولغانلىقتىن بـولـۇش قائىدىلىرىنى كوپەيتىش قـائىدىلىرى ئاسـاسىدا ناهايىتى ئاسان كەلتۈرۈپ چىقىرىش مۇمكىن.

دەرسلىكتە كوپەيتىشنىڭ قائىدىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش جەريانى نـاهايىتى ئىخچام، ئاددى ئۇسۇللار بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن، بىراق ئېلىنغـان مىسـالنىڭ ئالـدىنقى ئىككىسى (سۇ ئامبىرىدىكى سۇ يۈزىنىڭ ئورلىشى بىلەن تو- ۋەنلىشى) ئەمىلىيەتتىن ئېلىنىپ ئوقـۇغۇچىلار- نىڭ چۈشىنىشىگە ئاسانچىلىق كەلتۈرگەن بولسىمۇ، كېيىنكى ئىككى خىل هالەتنى چۈشـەندۈرۈش

نوقۇل ماتېماتىكىلىق مۇلاهىزىگە تايانغانلىقتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىپ كېتىشىگە سەل ئېـغىرچىلىق كەلتۈرۈلگەن. چۈشەنگەن هـالەتتىمۇ بىر خىل گـۇڭگا - تىڭىرقـاش هـالىتىنى پەيدا قىلىشقا سەۋەبچى بـولغان. مـەن بۇ بىر مەزمۇننى قانداق ئوتۇش هەققىدە كـوپ ئويـ- لاندىم ۋە مۇشۇ مـەزمۇن بويىچـە كـوپلىگەن كونا - يېڭى ماتېماتىكا دەرسلىكلىرىنى ۋە شۇ- نىڭغا دائىر ماتېرىياللارنى كورۇپ چىققان بولـ- سامۇ، بۇ 1 - يىللىقتىكى سەبى بـالىلارنىڭ پىكىر قىلىش ئالاهىدىلىكىگـە مـاس كېلىدىغان بىرەر مۇۋاپىق يېنىگرەك ماتېرىيال تـاپالمىدىم (چوڭ ياشتىكىلەر ئۈچۈن هـەر خىل چـۈشەنـ- دۈرۈش ئۇسۇللىرى بار)، شـۇنداقلا دەرسلىكـ- تىكى مەزمۇننى ئەينەن ئوتۇشنى مۇۋاپىق كور- مىدىم. شۇڭا مەن بۇ دەرسنى ئوتۇشتە مۇنداق ئۇسۇل قوللاندىم.

دوسكىغا ئالدى بىلەن "پايدا"، "زىيان"، "پايدىغا ئېرىشەلمەسلىك"، "زىياندىن قۇتۇلۇپ قېلىش" — دېگەن توت سوزنى يازدىم.

بۇ سوزلەرنىڭ دوسكىغا يېزىلىش شـەكلى مانا مۇنداق: پايدىنى مـۇسبەت دەپ ئالغانـدا



زىياننىڭ مەنفى بولىدىغانلىقىنى، پايدىغا ئېرىشەلمەسلىك ماھىيەتتە زىيان تارتىش، زىياندىن قۇتۇلۇپ قېلىش ماھىيەتتە پايدا ئېلىش بولىدىغانلىقىنى (پايدىغا ئېرىشەلمەسلىك، زىياندىن قۇتۇلۇپ قېلىشتىكى پايدىمۇ - زىيانمۇ يوق نول ھالەت تەھلىل قىلىنمايدۇ) ۋە بۇ ئىككى سۆزنىڭ (كېيىنكى ئىككى سۆز) بىر - بىرىگە نىسبەتەن قارىمۇ - قارشى مەنىدىكى سۆزلەر بولۇپ كاتېگورىيە جەھەتتىن پايدا - زىيانغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى مۇقۇملاشتۇردۇم ھەمدە دوسكىغا يېزىلغان بۇ تۆت سۆزنىڭ جايلىشىش ئورۇنلىرى (توغرا ۋە تىك قۇرلار) بويىچە جۈپ - جۈپى بىلەن ئۆز ئارا قارىمۇ - قارشى مەنىگە ئىگە سۆزلەر ئىكەنلىكىنى ئوقۇغۇچىلارغا قايتا تەكىتلىدىم.

ئۇندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق بىر شەرتلىك بەلگىلىمىنى — باققالنىڭ دۇكان ئېچىپ تىجارەت قىلىشىنى مۇسبەت دەپ ئالغاندا، ئۇنىڭ دۇكان تاقاپ تىجارەت قىلماسلىقىنى مەنفى دەپ ئېلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردۇم. شۇنداق قىلىپ يۇقىرىدىكى بىر قاتار مەزمۇنلار پىششىقلىنىپ بولغاندىن كېيىن كۆپەيتىش قائىدىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن مۇنداق تۆت مەسىلە تۈزۈپ، سوئال - جاۋاب شەكلىنى قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل مۇلاھىزە قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، شۇ مۇلاھىزىلارغا ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى بىر - بىرلەپ دوسكىدا ئۆزۈم خاتىرىلەپ تۇردۇم.

بۇ مەسىلىلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1 - مەسىلە: باققال كۈنىگە 5 يۈەن پايدا ئالىدۇ، ئۇ دۇكىنىنى 3 كۈن ئاچقان بولسا جەمئى قانچە يۈەن پايدا ئالغان؟

تەھلىل: پايدا مۇسبەت، دۇكاننى ئاچقان كۈن سانى مۇسبەت، تاپقان جەمئى پايدا مۇسبەت

يەنى، $(+5)\times(+3)=+15$

2 - مەسىلە: باققال كۈنىگە 5 يۈەن زىيان تارتىدۇ. ئۇ دۇكىنىنى 3 كۈن ئاچقان بولسا، جەمئى قانچە يۈەن زىيان تارتقان؟

تەھلىل: زىيان مەنفى، دۇكاننى ئاچقان كۈن سانى مۇسبەت، تارتقان جەمئى زىيان مەنفى،

يەنى، $(-5)\times(+3)=-15$

3 - مەسىلە: باققال كۈنىگە 5 يۈەندىن پايدا ئالىدۇ. ئۇ مەلۇم سەۋەب بىلەن دۇكىنىنى 3 كۈن تاقاپ تىجارەت قىلمىغان بولسا، جەمئى قانچىلىك پايدا ئالغان ياكى زىيان تارتقان؟

تەھلىل: باققال دۇكىنىنى ئېچىپ تىجارەت قىلسا، كۈنىگە 5 يۈەندىن پايدا ئالغان بولاتتى، ئەمما ئۇ دۇكىنىنى تاقاپ 3 كۈن تىجارەت قىلمىغان، نەتىجىدە 3 كۈندە ئالىدىغان 15 يۈەن پايدىغا ئېرىشەلمىگەن. پايدىغا ئېرىشەلمەسلىك يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك مەنفى، دۇكاننى تاقاشمۇ مەنفى، پايدا مۇسبەت.

يەنى $(+5)\times(-3)=-15$

4 - مەسىلە: باققال كۈنىگە 5 يۈەن زىيان تارتىدۇ. ئۇ دۇكىنىنى تاقاپ 3 كۈن تىجارەت قىلمىغان بولسا، جەمئى قانچىلىك پايدا ئالغان ياكى زىيان تارتقان؟

تەھلىل: باققال دۇكىنىنى ئېچىپ تىجارەت قىلغان بولسا، كۈنىگە 5 يۈەندىن زىيان تارتقان بولاتتى. ئەمما ئۇ تارتىدىغان زىياندىن قېچىپ دۇكىنىنى تاقاپ 3 كۈن تىجارەت قىلمىغان، نەتىجىدە باققال كۈنىگە 5 يۈەندىن 3 كۈندە تارتىدىغان 15 يۈەن زىياندىن قۇتۇلۇپ قالغان. زىياندىن قۇتۇلۇپ قېلىش يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك مۇسبەت، دۇكان تاقاش مەنفى، زىيان مەنفى.

يەنى، $(-5)\times(-3) = +15$

شۇنداق قىلىپ يۇقۇرىدىكى توت ئەمەلىي مىسال ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ھېچبىر قىيىنالماستىن يېنىكلىك بىلەن راتسىئونال سانلارنى كوپەيتىشنىڭ قائىدىسىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىدىگە يەتتىم.

راتسىئونال سانلارنى كوپەيتىشنىڭ قائىدىسى توت ئەمەلنىڭ قائىدىسى ئىچىدە ئەڭ ئاسان قائىدە بولۇپ، بىزنىڭ بۇ يەردە قىيىن دەۋاتقىنىمىز شۇ قائىدىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش جەريانىغا قارىتىلغان. بۇ جەرياننى تاشلاپ قائىدىنى ئوقۇغۇچىلارغا شۇنداقلا ئېيتىپ بېرىشنىڭ ئۆزى بىر ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا مۇۋاپىق ئەمەسلىكى ئۆز-ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك.

كوپەيتىشنىڭ قائىدىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ھەر خىل دەرسلىكلەردە ھەر خىل ئوخشاشمىغان مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسى كوپەيتىش قائىدىسىنى ئىسپاتلاش ئەمەس، بەلكى شۇ قائىدىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەمەلىي مىساللاردىن ئىبارەت. مېنىڭ بۇ يەردە كەلتۈرگەن مىساللىرىممۇ ئەنە شۇنداق بىر ئىزدىنىش دېيىشكە بولىدۇ. كوپچىلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزەمنى كۆرۈپ بېقىشى ئۈچۈن بۇ بىر سائەتلىك دەرس ئوتۇش ئۇسۇلۇمنى تونۇشتۇردۇم.

مېنىڭ ئىزدىنىشىم دەرسلىكتىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇغۇچىلارغا قانداق مېتودىكىلىق ئۇسۇللارنى قوللانغاندا ياخشى، يېنىك ۋە ئېنىق قىلىپ چۈشەندۈرۈش مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدىغانلىق مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن ھەرگىز دەرسلىكتە كورسىتىپ بېرىلگەن مەزمۇن ۋە چۈشەندۈرۈش قائىدىسىدىن چەتنىگەنلىك بولمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە دەرسلىكتە قويۇلغان تەلەپنى تولۇق ئورۇنلاش ئۈچۈن دەرسلىكنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقانلىق بولىدۇ.

مېنىڭ بۇ تونۇشتۇرغان ئۇسۇلۇمدا مۇۋاپىق بولمىغان ياكى نۇقسان ۋە خاتالىقى بولغان يەرلىرى بولسا كوپچىلىكنىڭ مۇۋاپىق تەنقىدى پايدىلىنىشنى سورايمەن.

---

( بېشى 51 - بەتتە )

دېمەك بولىدۇ. پاراللېل توت تەرەپلىك قائىدىسىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىنى يېزىش مۇمكىن:

$$N = Gtg30^\circ = 3\times\frac{\sqrt{3}}{3} = \sqrt{3}\ kg$$

$$F = \frac{G}{\cos 30^\circ} = \frac{3}{\frac{\sqrt{3}}{2}} = \frac{6}{\sqrt{3}} = \frac{6\sqrt{3}}{3}$$

$$= 3.5kg$$

F كۈچ G بىلەن N نىڭ تەڭ تەسىرلىك كۈچى، شار G، T، N دىن ئىبارەت ئۈچ كۈچنىڭ تەسىرىدە تەڭپۇڭ ھالەتتە تۇرغانلىقتىن بۇ كۈچلەردىن خالىغان ئىككىسىنىڭ تەڭ تەسىرلىك كۈچى، ئۈچىنچى كۈچ بىلەن تەڭپۇڭ كۈچ بولالايدۇ. بۇ جايدا F بىلەن T تەڭپۇڭ كۈچلەر بولۇپ ئۇلارنىڭ تەڭ تەسىرلىك كۈچى نولگە تەڭ $F - T = 0$. دېمەك $T = F = 3.5kg$ بولىدۇ. يىپ شارنى T كۈچ بىلەن تارتسا، شارمۇ يىپنى قارشى يۆنىلىشتە، مىقدارى Tگە تەڭ بولغان $T'$ كۈچ بىلەن تارتىدۇ. شۇڭا $T' = 3.5kg$ بولىدۇ. يەنە تام شارنى N كۈچ بىلەن ئىتتىرىپ تۇرغانلىقتىن شارمۇ تامغا مىقدارى N گە تەڭ بولغان بېسىم كۈچى $N'$ نى بېرىدۇ. شۇڭا $N' = \sqrt{3}\ kg$ بولىدۇ.

بۇ مەسىلىدە F (G بىلەن N نىڭ تەڭ تەسىرلىك كۈچى) بىلەن T تەڭپۇڭ كۈچ بولىدۇ. T بىلەن $T'$، N بىلەن $N'$ لار تەسىر ئەكسى تەسىر كۈچ بولىدۇ.

# مەسىلىنى تاناسىپلىق ئۇسۇل بىلەن يېشىش ھەققىدە

مۇقەددەس

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك 19 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

ئوقۇغۇچىلارغا مەسىلە يېشىشنى ئۆگىتىش ھەمدە داۋاملىق چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىگەللىگەن ئاساس بىلىملىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. مەن ھەر قانداق مەسىلىنى ئىشلىگەندە ئوقۇغۇچىلارنى قايتا - قايتا ئوقۇپ، مەسىلىدە نىمە بېرىلگەن، نىمىنى سوراۋاتىدۇ، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار، قانداق يەشسە بولىدۇ دىگەن سوئاللار بىلەن تەھلىل قىلىشقا يېتەكلىدىم. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوقۇغۇچىلار ھەر قانداق مەسىلىنى ئوقۇغاندا، نىمە ئۈچۈن دىگەن سوئالنى قويۇپ تۇرۇپ ئوقۇيدىغان ھەمدە مەسىلىلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە بىرقۇر تەھلىل قىلالايدىغان ھەتتا يېشەلەيدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلاردا مەسىلە يېشىشكە نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا بولۇپ، بىلىمىمۇ بارغانسېرى ئۆزلىشىپ باردى.

ھەر قانداق بىر كورسەتمىلىك مەسىلە - مىساللارنى چۈشەندۈرگەندە ئېنىق، چۈشىنىشلىك، ئىخچام قىلىپ چۈشەندۈردىم. مىساللارنى ئوتتۇپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمىلىيىتىنى ئاساس قىلغان ئېغىزچە مەسىلىلەرنى تۈزۈپ كىرىپ، ئېغىزچە ئىشلەتكۈزدىم ۋە ئۆزلىرىگە ئېغىزچە مەسىلە تۈزگۈزدىم. بۇ ئۇسۇللار ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسنى پىششىقلاپ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىدا، پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە چوڭ تۈرتكە بولدى. ئەشۇ ئاساس ۋە ئۇسۇل بويىچە بۇ بىر سائەتلىك تاناسىپ ھەققىدىكى دەرسنى تۇۋەندىكىدەك ئوتتۇم:

ھەر قانداق يېڭى دەرس ئوتۇشتىن بۇرۇن چوقۇم تەكرارلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك. چۈنكى تەكرارلاش ئارقىلىق ئوتۇپ بولغان، لېكىن ئەشۇ دەرسكە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەزمۇنلارنى ئەسكە ئالدۇرغىلى، پىششىقلاتقىلى ھەمدە يېڭى دەرسكە ئاساس سالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن مەن ئۆز دەرسىمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان تۆۋەندىكى تەكرارلاشنى ئېلىپ باردىم ھەمدە دوسكىغا ئۈچ ئوقۇغۇچىنى چىقاردىم.

بىرىنچى ئوقۇغۇچىدىن تۆۋەندىكى مەسىلىنى يېشىشنى سورىدىم:

چوڭ ۋە كىچىك چاق بولۇپ چوڭ چاقنىڭ چىشلىرىنىڭ سانى 100، كىچىك چاقنىڭ چىشلىرىنىڭ سانى 25 ئىكەنلىكى بېرىلدى.

1) چوڭ چاق بىلەن كىچىك چاقنىڭ چىشلىرىنىڭ نىسبىتىنى يېزىڭ ھەمدە نىسبەت قىممىتىنى تېپىڭ؟

يېشىش: $100 : 25 = 100 \div 25 = 4$

2) كىچىك چاق بىلەن چوڭ چاقنىڭ چىشلىرىنىڭ نىسبىتىنى يېزىڭ ھەمدە نىسبەت قىممىتىنى تېپىڭ؟

يېشىش: $25 : 100 = 25 \div 100 = \frac{1}{4}$

بۇلار ئارقىلىق ئىككى ساننىڭ نىسبىتىنى قانداق يازىمىز ھەمدە نىسبەت قىممىتىنى قانداق تاپىمىز دىگەن مەسىلە ھەل قىلىندى.

ئىككىنچى ئوقۇغۇچىدىن تۆۋەندىكى سوئالنى سورىدىم:

1) 10 : 12 بىلەن 35 : 42 تاناسىپ تۈزەمدۇ؟

2) 20 : 10 بىلەن 60 : 20 تاناسىپ تۈزەمدۇ؟

يېشىش: 1) $10 : 12 = \frac{5}{6}$,

$$35 : 42 = \frac{5}{6}, \quad \frac{5}{6} = \frac{5}{6}$$

شۇنىڭ ئۈچۈن تاناسىپ تۈزىدۇ. (نىسبەت قىممەتلىرى تەڭ)

يېشىش: 2) $20 : 10 = 2, 60 : 20 = 3,$ $3 \neq 2$، شۇنىڭ ئۈچۈن تاناسىپ تۈزمەيدۇ. (نىسبەت قىممەتلىرى تەڭ ئەمەس)

دېمەك، نىسبەت قىممەتلىرىنىڭ تەڭ ياكى تەڭ ئەمەسلىكىگە قاراپ تاناسىپ تۈزىدىغان ياكى تۈزمەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى ئوقۇغۇچىدىن تۆۋەندىكى مەسىلىنى يېشىشنى تەلەپ قىلدىم:

ئالمىنىڭ يەككە باھاسى تۇراقلىق بولغاندا ئالمىنىڭ مىقدارى بىلەن ئومۇمىي باھا ئوڭ تاناسىپ تۈزەمدۇ؟ ئوقۇغۇچى مۇنداق ئۇسۇللار بىلەن جاۋاپ بەردى:

تەھلىل ۋە ھۆكۈم: فورمۇلىسى

$$\text{يەككە باھا} = \frac{\text{ئومۇمىي باھا}}{\text{ئالمىنىڭ مىقدارى}}.$$

بىزگە يەككە باھا تۇراقلىق دەپ بېرىلگەچكە ئالمىنىڭ مىقدارى بىلەن ئومۇمىي باھا ئوڭ تاناسىپ تۈزىدۇ. چۈنكى ئالمىنىڭ مىقدارى ھەسسىلەپ ئاشسا، ئومۇمىي باھامۇ ھەسسىلەپ ئاشىدۇ؛ ئالمىنىڭ مىقدارى ھەسسىلەپ كېمەيسە، ئومۇمىي باھامۇ ھەسسىلەپ كېمىيىدۇ. دېمەك ئۆزئارا باغلىنىشتا بولغان ئىككى مىقداردىن بىر مىقدار ھەسسىلەپ ئاشسا ئىككىنچى مىقدارمۇ ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. بىر مىقدار ھەسسىلەپ كېمەيسە ئىككىنچى مىقدارمۇ ھەسسىلەپ كېمىيىدۇ، ئۇلارنىڭ ماس سانلىرىنىڭ نىسبەت قىممىتى (بۆلۈنمىسى) تۇراقلىق (تەڭ) بولىدۇ، بۇنداق ئىككى مىقدارنىڭ ئوڭ تاناسىپلىق مىقدارى، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئوڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋەت دەپ ئاتالغاچقا، بۇ مەسىلە ئوڭ تاناسىپ تۈزىدۇ.

يۇقۇرىدىكى پائالىيەت ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ئوڭ تاناسىپنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، قانداق ئىككى مىقدارنىڭ ئوڭ تاناسىپ تۈزىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. بۇ ئۈچ مەسىلىدىكى ئۈچ مەزمۇن ئوڭ تاناسىپلىق مەسىلىلەرنى يېشىشكە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا يېڭى دەرس ئۆتۈشتىن بۇرۇنقى تەكراردا ئۇلار تاللىۋېلىندى. بۇ ۋاقىتتا يەنە شۇ ئۈچ مەزمۇننى ئاساس قىلغان تۆۋەندىكى 23 مىسالنى كاپىيەن ئارقىلىق باشقا ئوقۇغۇچىلارغا ئىشلەتكۈزدۈم:

1. نىسبەت قىممىتىنى تېپىڭ. 1) $3 : 15$,

2) $3 : 2$ 3) $4 : 20$, 4) $0{\cdot}7 : 1{\cdot}4$,

5) $1\frac{1}{2} : 3\frac{1}{2}$, 6) $0{\cdot}8 : 1{\cdot}6$, 7) $0{\cdot}3 : 0{\cdot}4$,

8) $\frac{1}{2} : \frac{1}{4}$.

2. تاناسىپ تۈزەمدۇ؟

1) 2 : 1 بىلەن 0·2 : 0·1، 2) 2 : 3 بىلەن 9:6،

3) 10 : 20 بىلەن 6 :30، 4) 2 : 1 بىلەن 14:7.

3. تاناسىپنى يېشىڭ.

1) $\frac{2}{3} = \frac{x}{6}$, 2) $\frac{1}{2} = \frac{3}{x}$,

3) $\frac{2}{18} = \frac{x}{9}$, 4) $\frac{10}{15} = \frac{x}{9}$,

5) $\frac{1}{7} = \frac{2}{x}$, 6) $\frac{5}{6} = \frac{x}{24}$,

7) $\frac{x}{14} = \frac{5}{7}$, 8) $\frac{1}{8} = \frac{x}{16}$,

9) $\frac{1}{3} = \frac{x}{12}$, 10) $\frac{5}{x} = \frac{10}{3}$,

11) $\frac{x}{54} = \frac{2}{108}$

ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەت ۋە تاناسىپ ھەققىدىكى ئاساس بىلىملەرنى يۇقۇرىدىكىدەك تەك-

رارلىتىش ئارقىلىق ئوتمەكچى بولغان دەرسنى تووۋەندىكى چۇشەندۇرۇش مىسالىنى سوزلەشتىن باشلاپ ئوتتۇم.

بىر ئاپتوموبىل 2 سائەتتە 64 كىلومېتىر يول ماڭسا مۇشۇ تېزلىك بويىچە ھىساپلىغاندا 5 سائەتتە قانچە كىلومېتىر يول ماڭىدۇ؟

بۇ مەسىلىنى تاناسىپلىق ئۇسۇل بىلەن يەشكەندە ئاسان ۋە چۇشىنىشلىك بولىدىغانلىغىنى كورسىتىش ئۇچۇن ئالدى بىلەن بۇ مەسىلىنى بىرلىككە كەلتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن يېشىپ كورسىتىمىز.

ئاپتوموبىل 2 سائەتتە 64 كىلومېتىر يول ماڭغان بولسا، ئالدى بىلەن بىر سائەتتە قانچە كىلومېتىر يول ماڭغانلىغىنى تاپايلى. بۇنىڭ ئۇچۇن 64 كىلومېتىرنى 2 گە بولىمىز. يەنى

$$64 \div 2 = 32km$$

دىمەك بىر سائەتتە 32 كىلومېتىر يول ماڭغان بولسا 5 سائەتتە قانچە كىلومېتىر يول ماڭىدىغانلىغىنى تېپىش ئۇچۇن بىر سائەتتە ماڭغان 32 كىلومېتىرنى 5 سائەتكە كوپەيتىمىز. يەنى

$$32 \times 5 = 160km$$

دىمەك، ئاپتوموبىل 5 سائەتتە 160 كىلومېتىر يول ماڭىدۇ، ئۇنىڭ ئارىفمېتىكىلىق ئىپادىسىنى تۇزسەك مۇنداق بولىدۇ:

$$64 \div 2 \times 5 = 160km$$

ئەندى بۇ مەسىلىنى تاناسىپلىق ئۇسۇل بىلەن يېشىپ كورەيلى. ئالدى بىلەن مەسىلىنىڭ بېرىلىشى بويىچە يول بىلەن ۋاقىتتىن ئىبارەت ئىككى مىقدار ئوڭ تاناسىپ تۇزەمدۇ ياكى تۇزمەمدۇ، بۇنىڭغا ھوكۇم قىلىش كېرەك. فورمۇلىسى، $\text{تېزلىك} = \frac{\text{يول}}{\text{ۋاقىت}}$ بولىدۇ. مەسىلىدە بىزگە "مۇشۇ تېزلىك بويىچە" دىگەن سوز ئارقىلىق تېزلىكنىڭ تۇراقلىقلىغى بېرىلدى، تېزلىك تۇراقلىق دىگىنىمىز — نىسبەت قىممىتى تۇراقلىق دىگەنلىكتۇر. شۇڭا، يول بىلەن ۋاقىت ئوڭ تاناسىپ تۇزىدۇ. مەسىلىگە بۇ ھوكۇمنى قىلغاندىن كېيىن، فورمۇلىغا ئاساسەن تاناسىپنى يازىمىز. بىرىنچى قېتىمدا 2 سائەتتە 64 كىلومېتىر يول ماڭغاچقا $\frac{64}{2}$ نى يازالايمىز. ئەمدى ئىككىنچى قېتىمدا 5 سائەتتە قانچە كىلومېتىر يول ماڭىدىغانلىغىنى تاپىمىز. چۇنكى ماڭغان يول نامەلۇم بولغاچقا ئۇنى $x$ كىلومېتىر يول ماڭىدۇ دەپ بەلگىلىۋالىمىز. بۇنىڭ بىلەن $\frac{x}{5}$ نى يازالايمىز. مەسىلىنىڭ نىسبەت قىممەتلىرى تۇراقلىق بولغاچقا، بۇ ئىككى نىسبەت تاناسىپ تۇزىدۇ. شۇڭا $\frac{64}{2} = \frac{x}{5}$ نى يازالايمىز. ئەندى بۇ تاناسىپ تۇزۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يېشىلىش ئۇسۇلى قانداق بولۇش كېرەك؟ تاناسىپنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ كوپەيتمىسى بىلەن چەتكى ئەزالىرىنىڭ كوپەيتمىسى ئوزئارا تەڭ دىگەن خۇسۇسىيەتكە ئاساسەن چەپرەس شەكىلدە كوپەيتسەك مۇنداق بولىدۇ:

$$\frac{64}{2} = \frac{x}{5} \Longrightarrow 2x = 64 \times 5 \Longrightarrow 2x = 320$$

بۇ تەڭلىمىدىكى نامەلۇم $x$ نى تېپىش ئۇچۇن تەڭلىمىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ساننى $x$ نىڭ كويفىتسېنتىغا (ئالدىدىكى ھەسسىلىك سانغا) بولىمىز يەنى $x = \frac{320}{2} = 160km$. ئىشلىگەن مەسىلىمىزنىڭ توغرا - خاتالىغىنى بىلىش ئۇچۇن 160 نى $x$ نىڭ ئورنىغا قويۇپ تەكشۇرۇپ باقىمىز.

$$\frac{160}{5} = 32, \quad \frac{64}{2} = 32, \quad 32 = 32$$

$$\therefore \frac{64}{2} = \frac{160}{5}.$$

دىمەك، نىسبەت قىممەتلىرى تەڭ بولغان ئىككى نىسبەتتىن تاناسىپ تۇزۇلىدىغان بولغاچقا تۇزگەن تاناسىپ توغرىكەن.

ئەڭ ئاخىرىدا دەرستىن خۇلاسە چىقىرىپ، ئوڭ تاناسىپلىق مەسىلىلەرنى يېشىش ئۇچۇن مۇنۇ توت باسقۇچنى، يەنى (1) ھوكۇم قىلىش بىلەن فورمۇلىسىنى يېزىش. (2) تاناسىپنى يېزىش. (3) تاناسىپنى يېشىش. (4) تەكشۇرۇپ توغرا - خاتالىغىنى ئېنىقلاش كېرەكلىگىنى كورسەتتىم. ئوتتۇلگەن بۇ دەرس ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار تاناسىپلىق ئۇسۇل بىلەن مەسىلىنى

يەشكەندە ئاسان ھەم ئېنىق بولىدىغانلىقىنى، جەريانىنىڭ ئىخچام بولۇپ ئاۋارىچىلىقىنىڭ ئاز بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ ئاساستا ئىككى ئوقۇغۇچىغا ئېغىزچە مۇستەھكەملەش مەسىلىلىرىنى ئىشلەتكۈزدۈم.

1. ئالىم 5 مىنۇتتا 300 مېتىر يول ماڭدى. مۇشۇ تېزلىك بىلەن مەكتەپتىن كىتابخانىغا 8 مىنۇتتا يېتىپ بارغان بولسا، مەكتەپ بىلەن كىتابخانىنىڭ ئارىسى قانچە مېتىر كېلىدۇ؟ ئوقۇغۇچى باسقۇچلار بويىچە مۇنداق ئىشلىدى:

ئالدى بىلەن مەسىلىنى تەھلىل قىلىپ ھوكۈم : بىلەن فورمۇلىسىنى يازدى. يەنى تېزلىك = $\frac{\text{يول}}{\text{ۋاقىت}}$. مەسىلىدە تېزلىك تۇراقلىق دەپ بېرىلگەچكە يول بىلەن ۋاقىت ئوڭ تاناسىپ تۈزىدۇ دەپ تاناسىپنى مۇنداق يازدى: $\frac{300}{5}=\frac{x}{8}$. ئۇنى مۇنداق يەشتى:

$$\frac{300}{5}=\frac{x}{8}\Longrightarrow 5x=300\times 8,\quad x=480m$$

دېمەك، مەكتەپتىن كىتابخانىغىچە بولغان ئارىلىق 480 مېتىر. ئاخىرىدا مۇنداق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى: $\frac{300}{5}=60, \frac{480}{8}=60$. تۈزۈلگەن تاناسىپ ۋە ئۇنىڭ يېشىلىشى توغرا.

$$60=60,\quad \therefore \frac{300}{5}=\frac{480}{8}$$

2. بىر تىراكتور 3 سائەتتە 30 مو يەر ھەيدىگەن. مۇشۇ ھەيدەش بويىچە ھېسابلىغاندا 50 مو يەرنى قانچە سائەتتە ھەيدەيدۇ؟ ئوقۇغۇچى يۇقۇرقى ئۇسۇل بويىچە ئىشلىدى: فورمۇلىسى بىر سائەتتە ھەيدىگەن يەر مو سانى = $\frac{\text{ھەيدەلگەن يەر مو سانى}}{\text{ھەيدەشكە كەتكەن ۋاقىت}}$. مەسىلىدە بىر سائەتتە ھەيدىگەن يەر مو سانى تۇراقلىق بولغاچقا ئومۇمى يەر مو سانى بىلەن ۋاقىت ئوڭ تاناسىپ تۈزىدۇ. يەنى $\frac{30}{3}=\frac{50}{x}$ ئۇنى مۇنداق يەشتى:

$$\frac{30}{3}=\frac{50}{x}\Longrightarrow 30x=50\times 3,\quad x=5$$

دېمەك، 50 مو يەرنى 5 سائەتتە ھەيدەيدۇ.

تەكشۈرۈش: $\frac{30}{3}=10, \frac{50}{5}=10,\quad 10=10$ تۈزۈلگەن تاناسىپ ۋە ئۇنىڭ يېشىلىشى توغرا. $\therefore \frac{30}{3}=\frac{50}{5}$

بۇ ئىككى مەسىلىنى ئىككى ئوقۇغۇچىغا تۆت باسقۇچ بويىچە ئېغىزچە ئىشلىتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا بۇ ئارقىلىق دەرستىن خۇلاسە چىقارغۇزدۇم. ئارقىدىنلا ئوقۇغۇچىلارغا ئىككى مەشىق ئىشلەتتىم (تەپسىلاتى ئېلىنمىدى). ئىشلىتىلگەن بۇ مەشىقلەر ئېغىزچە ھېسابلاشقا زىچ بىرلەشكەچكە ئوقۇغۇچىلار يۇقۇرىدىكى ئۇسۇل بويىچە تېزلا ھېسابلاپ چىقتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئوڭ تاناسىپلىق مەسىلىنى زادى قانداق ئىشلەش كېرەك دېگەن مەسىلىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دەرستىن ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسە چىقىرىپ، كونۇكمىدىن بىر مەسىلىنى، ئۆزلىرى ئوڭ تاناسىپقا دائىر بىر مەسىلىنى تۈزۈپ ئىشلەپ كېلىش ئۈچۈن تاپشۇرۇق بېرىپ دەرسنى ئاخىرلاشتۇردۇم.

بۇ دەرسنىڭ ئەڭ ئاساسلىق نۇقتىلىرى — تەھلىل قىلىپ ھوكۈم قىلىش، ھوكۈمگە ئاساسەن فورمۇلىسىنى يېزىش، فورمۇلىغا ئاساسەن تاناسىپنى يېزىپ چىقىش ۋە ئۇنى يېشىشتىن ئىبارەت. بۇلار بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ھوكۈم — شەيئىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ياكى ئىنكار قىلىشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تەپەككۇر شەكلىدىن ئىبارەت. ماتېماتىكا مۇكەممەل ئۇسۇلنى تەلەپ قىلىدىغان ۋە چوڭقۇر ئىلمىلىككە ئىگە بىر پەن. ئوقۇتقۇچى بۇ پەننى ھەم بۇ مۇكەممەل ئۇسۇلنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئۆگەنگەندىلا ئوقۇتقۇچىدا ئەستايىدىل ئۆگىتىش پوزىتسىيىسى بارلىققا كېلىدۇ، ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پوزىتسىيىسىگە، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئادىتىگە، قىيىنچىلىقنى يېڭىش روھىغا ئىگە قىلىپ تەربىيىلەپ چىققىلى بولىدۇ.

# تەسىر - ئەكس تەسىر كۈچ ۋە تەڭپۇڭ كۈچلەر هەققىدە


نەسىردىن

(غۇلجا شەهەرلىك 7 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

تەبىەت دۇنياسىدىكى بارلىق جىسىملار هامان بىر - بىرىگە تەسىر قىلىپ تۇرىدۇ. جۈملىدىن جىسىمنىڭ جىسىمغا بولغان تەسىرى كۈچ دەپ ئاتىلىدۇ. نيوتوننىڭ 3 - قانۇنى بىزگە "ئىككى جىسىم ئوتتۇرىسىدىكى تەسىر كۈچ بىلەن ئەكسى تەسىر كۈچ مىقدار جەهەتتىن تەڭ، يۆنۈلىشى قارىمۇ - قارشى بولىدۇ" دەپ كورسىتىدۇ. بىز تەسىر كۈچ بىلەن ئەكسى تەسىر كۈچنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا ئۆزئارا تەسىر قىلىشىۋاتقان ئىككى جىسىمنى نەزەردە تۇتۇشىمىز كېرەك. تەسىر كۈچ ۋە ئەكسى تەسىر كۈچلەر ئايرىم - ئايرىم هالدا ئۆزئارا تەسىر قىلىشىۋاتقان ئىككى جىسىمغا چۈشىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلار بىر ۋاقىتتا پەيدا بولۇپ بىر ۋاقىتتا يوقىلىدىغان بىر جۈپ كۈچتىن ئىبارەت.

تەڭپۇڭ كۈچلەر مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەگەر بىر قانچە كۈچلەر جىسىمنىڭ بىر نۇقتىسىغا تەسىر قىلسا ياكى ئۇلارنىڭ كۈچ تەسىر سىزىقلىرى بىر نۇقتىدا كېسىشسە بىز بۇنداق كۈچلەرنى ئورتاق نۇقتىلىق كۈچلەر دەيمىز. ئەگەر ئورتاق نۇقتىلىق كۈچلەرنىڭ تەڭتەسىرلىك كۈچى نولگە تەڭ بولسا جىسىم تەڭپۇڭ هالەتتە تۇرىدۇ، مۇشۇنداق شەرتنى قانائەتلەندۈرگەن كۈچلەر تەڭپۇڭ كۈچلەر بولىدۇ. ئەگەر جىسىمنىڭ تەڭپۇڭ هالەتتە تۇرغانلىقى مەلۇم بولسا، ئۇ هالدا بۇ جىسىمغا تەسىر قىلغان ئورتاق نۇقتىلىق كۈچلەرنىڭ تەڭپۇڭ كۈچلەر ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز؛ شۇنداقلا ئورتاق نۇقتىلىق كۈچلەرنىڭ تەڭتەسىرلىك كۈچى نولگە تەڭ بولسا ئۇ هالدا بۇ جىسىم تەڭپۇڭ هالەتتە تۇرىۋاتىدۇ دەپ هوكۇم قىلالايمىز. ئومۇمەن بىز تەڭپۇڭ كۈچلەرنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا پەقەت كۈچ تەسىرىگە ئۇچرىغۇچى بىرلا جىسىمنى نەزەردە تۇتۇشىمىز كېرەك.

تەسىر– ئەكسى تەسىر كۈچ ۋە تەڭپۇڭ كۈچلەر ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىك قوللانمىسىدا بىر قەدەر ئېنىق بايان قىلىنغان بولسىمۇ لېكىن بەزىبىر ئەمەلىي مەسىلىلەردە هامان بۇ ئىككى خىل خاراكتېردىكى كۈچلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغان ئەهۋاللار سادىر بولۇپ كەلمەكتە.




1- رەسىم


بىز تۆۋەندە بىر قانچە ئەمەلىي مىساللارنى كورۇپ ئوتەيلى.


1. ئېغىرلىقى 10kg كېلىدىغان جىسىم گورىزونتال تەكشىلىك ئۈستىدە تىنچ تۇرىدۇ. بۇ

جىسىم قانداق كۈچلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ؟ ئۇلارنىڭ مىقدارى ۋە يۆنىلىشى قانداق؟ تەسىر كۈچ ۋە ئەكسى تەسىر كۈچلەرنى ھەم تەڭپۇڭ كۈچلەرنى ئايرىم - ئايرىم كۆرسىتىڭلار.

يېشىش: جىسىم ئىككى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. (1 - رەسىم) بىرى يەرنىڭ تارتىش كۈچى (ئېغىرلىق كۈچى) $G = 10kg$، يەنە بىرى گورىزونتال تەكشىلىكنىڭ جىسىمنى تىرەش كۈچى (ئېلاستىك كۈچ) N. جىسىم تەڭپۇڭ ھالەتتە تۇرغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىككى كۈچنىڭ تەڭتەسىرلىك كۈچى نۆلگە تەڭ بولىدۇ، يەنى $N - G = 0$؛ بۇنىڭدىن $N = G = 10kg$ ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. G بىلەن N جىسىمغا تەسىر قىلىۋاتقان بىر تۈز سىزىق ئۈستىدىكى مىقدارى تەڭ، يۆنىلىشى قارىمۇ - قارشى بىر جۈپ تەڭپۇڭ كۈچ بولىدۇ. گورىزونتال تەكشىلىك جىسىمغا $N = 10kg$ تىرەش كۈچى بېرىدۇ. نيۇتوننىڭ 3 - قانۇنىغا ئاساسەن جىسىممۇ تەكشىلىككە نىسبەتەن مىقدارى N گە تەڭ، يۆنىلىشى قارىمۇ - قارشى بىر بېسىم كۈچى (ئېلاستىك كۈچ) $N'$ نى بېرىدۇ. شۇڭا $N'$ نىڭ مىقدارىمۇ 10kg بولىدۇ. يەنە يەر شارى جىسىمنى $G = 10kg$ كۈچ بىلەن تارتىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن نيۇتوننىڭ 3 - قانۇنىغا ئاساسەن جىسىممۇ يەر شارىنى مىقدارى G غا تەڭ، يۆنىلىشى قارىمۇ - قارشى $G' = 10kg$ كۈچ بىلەن تارتىدۇ. دېمەك N بىلەن $N'$، G بىلەن $G'$ لار ئايرىم - ئايرىم بىر جۈپتىن تەسىر — ئەكسى تەسىر كۈچ بولىدۇ.

2. 2 - رەسىمدە كۆرسىتىلگەن A جىسىمنىڭ ئېغىرلىقى 1kg، B جىسىمنىڭ ئېغىرلىقى 10kg بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسى قانداق كۈچلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ؟ ئۇلارنىڭ مىقدارى ۋە يۆنىلىشى قانداق؟ تەسىر — ئەكسى تەسىر كۈچ بىلەن تەڭپۇڭ كۈچلەرنى ئايرىم - ئايرىم كۆرسىتىڭلار.





2 - رەسىم

يېشىش: نۆۋەتتە A ۋە B جىسىمنىڭ ئەھۋالىنى ئايرىم - ئايرىم مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتىمىز.

A جىسىم ئىككى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ بىرى A جىسىمنىڭ ئېغىرلىق كۈچى $G_1 = 1kg$ يەنە بىرى B جىسىمنىڭ تىرەش كۈچى $N_1$. (2 - رەسىم I) A جىسىم تەڭپۇڭ ھالەتتە تۇرغانلىقى ئۈچۈن بۇ كۈچلەرنىڭ تەڭتەسىرلىك كۈچى نۆلگە تەڭ يەنى $N_1 = G_1 = 0$ بولۇپ $N_1 = G_1 = 1kg$ بولىدۇ. B جىسىمنىڭ A جىسىمنى تىرەش كۈچى $N_1$ بولۇپ نيۇتوننىڭ 3 - قانۇنىغا ئاساسەن A جىسىممۇ B جىسىمغا مىقدارى $N_1$ گە تەڭ، يۆنىلىشى قارىمۇ - قارشى بولغان بىر بېسىم كۈچى $N_1'$ نى بېرىدۇ. شۇڭا $N_1' = 1kg$ بولىدۇ. يەنە يەر شارى A جىسىمغا بىر G تارتىش كۈچى بەرگەنلىكتىن جىسىممۇ يەرگە مىقدارى $G_1$ گە تەڭ، يۆنىلىشى قارىمۇ - قارشى، تارتىش كۈچى $G_1'$ نى بېرىدۇ. شۇڭا $G_1' = 1kg$ بولىدۇ. بۇنىڭدا $N_1$، $G_1$ لار ئۆزئارا تەڭپۇڭ كۈچلەر بولىدۇ. $N_1$ بىلەن $N_1'$، $G_1$ بىلەن $G_1'$ لار بىر جۈپتىن تەسىر — ئەكسى تەسىر كۈچ بولىدۇ.

B جىسىم ئۈچ كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بىرى B جىسىمنىڭ ئېغىرلىق كۈچىسى $G_2 = 10kg$، بىرى A جىسىمنىڭ بېسىم كۈچى $N_1'$، يەنە بىرى يەر يۈزىنىڭ تىرەش كۈچى $N_2$. جىسىم تەڭپۇڭ ھالەتتە تۇرغانلىقتىن بۇ ئۈچ كۈچنىڭ تەڭتەسىرلىك كۈچى نۆلگە تەڭ. يەنى $N_2 - G_2 - N_1' = 0$ بولۇپ $N_2 = G_2 + N_1' = 11kg$ بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن يەر يۈزى B جىسىمغا $N_2$ تىرەش كۈچى بەرگەنلىكتىن جىسىممۇ يەر يۈزىگە مىقدارى $N_2$گە تەڭ، يۆنىلىشى قارىمۇ- قارشى بېسىم كۈچى $N_2'$ نى بېرىدۇ. شۇڭا $N_2 = 11kg$ بولىدۇ. بۇنىڭدا $N_1'$ $N_2$،$G_2$ لار ئۆزئارا تەڭپۇڭ كۈچلەر؛ $N_2$ بىلەن $N_2'$، $G_2$بىلەن $G_2'$ لار بىر جۈپتىن تەسىر - ئەكسى تەسىر كۈچ بولىدۇ.


3. گورىزونتال تەكشىلىكتە تۇرغان 30kg ئېغىرلىقتىكى جىسىمنى يىپقا باغلاپ 10kg كۈچ بىلەن تىك يۇقۇرىغا تارتسا، جىسىم قانداق كۈچلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ؟ ئۇلارنىڭ مىقدارى ۋە يۆنىلىشى قانداق؟ تەسىر - ئەكسى تەسىر كۈچ بىلەن تەڭپۇڭ كۈچلەرنى ئايرىم- ئايرىم كورسىتىڭلار.



3- رەسىم

يېشىش: جىسىم ئۈچ كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. (3 - رەسىم). ئۇنىڭ بىرى ئېغىرلىق كۈچى $G = 30kg$؛ بىرى يىپنىڭ تارتىش كۈچى $T = 10kg$؛ يەنە بىرى يەرنىڭ تىرەش كۈچى N بولۇپ، جىسىم تەڭپۇڭ ھالەتتە تۇرغانلىقى ئۈچۈن $G - T - N = 0$ بولىدۇ. بۇنىڭدىن $N = G - T = 20kg$ بولىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. يەنە بىر تەرەپتىن، يەر جىسىمغا $N = 20kg$ تىرەش كۈچى بەرگەنلىكتىن، جىسىممۇ يەر يۈزىگە مىقدارى N گە تەڭ يۆنىلىشى قارىمۇ- قارشى N' بېسىم كۈچى بېرىدۇ. شۇڭا $N' = 20kg$ بولىدۇ. شۇنىڭدەك يىپ جىسىمنى $T = 10kg$ كۈچ بىلەن يۇقۇرىغا تارتسا جىسىممۇ يىپنى مىقدارى T گە تەڭ بولغان T' كۈچ بىلەن تۆۋەنگە تارتىدۇ. شۇڭا $T' = 10kg$ بولىدۇ. يەنە يەر جىسىمنى $G = 30kg$ كۈچ بىلەن تۆۋەنگە تارتسا جىسىممۇ يەرنى مىقدارى G غا تەڭ بولغان G' كۈچ بىلەن يۇقۇرىغا تارتىدۇ. شۇڭا $G' = 30kg$. بۇ مەسىلىدە T،N،G لار ئۆزئارا تەڭپۇڭ كۈچلەر بولىدۇ. N بىلەن N'، T بىلەن T'، G بىلەن G' لار تەسىر - ئەكسى تەسىر كۈچ بولىدۇ.

4. 3kg ئېغىرلىقتىكى شار سىلىق تامغا ئېسىپ قويۇلغان (4 - رەسىم). تام بىلەن يىپ ئارىسىدىكى ئارا بۇلۇڭ 30°. شارنىڭ تامغا بولغان بېسىم كۈچى بىلەن يىپنىڭ تارتىش كۈچىنى تېپىڭلار؟



4- رەسىم

يېشىش: شار ئۈچ كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئۇلار: ئېغىرلىق كۈچى $G = 3kg$، يىپنىڭ تارتىش كۈچى T، تامنىڭ تىرەش كۈچى N لاردىن ئىبارەت. (4 - رەسىم A) بۇ ئۈچ كۈچ ئۆزئارا تەڭپۇڭ كۈچلەر بولۇپ، N كۈچىنى شار مەركىزىگە يۆتكىسەك 5 - رەسىم B

( ئاخىرى 44 - بەتتە )

# ھاياتلىقنىڭ ماددى ئاساسى بىلەن تۈزۈلۈش ئاساسى توغرىسىدا سوئال - جاۋاپ

ئەختەر مىراجى

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

1 . جانلىقلار ۋە جانسىزلار دىگەن نىمە؟

**جاۋاپ:** تەبىەت دۇنياسى جانلىقلار بىلەن جانسىزلاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بولىنىدۇ. جانلىقلار بىلەن جانسىزلار ئارىسىدا ماھىيەت جەھەتتە پەرق بار. جانلىقلار ھاياتلىق ھادىسىسى بولغان — ئوسۇش، يېتىلىش ۋە كۆپىيىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. مەسىلەن، بۇغداي (ئوسۇملۇك)، قوي (ھايۋان)، باكتېرىيە (مىكرو ئورگانىزىم) قاتارلىقلار ئەشۇ خىل ھاياتلىق ھادىسىسىگە ئىگە بولغاچقا جانلىقلار ھىساپلىنىدۇ. جانسىزلاردا ھاياتلىق ھادىسىسى بولمايدۇ، شۇڭا ئۇلاردا ئوسۇش، يېتىلىش ۋە كۆپىيىشتەك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، سۇ، تومۇر، تاش، ياغاچ قاتارلىق.

بىئولوگىيە جانلىقلارنىڭ تۈزۈلۈشى، فونكىسىيىسى، پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتى قاتارلىق ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

2 . ھاياتلىقنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟

**جاۋاپ:** ھاياتلىقنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى — ماددا ئالمىشىش. جانلىقلار ماددا ئالمىشىش ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۆز - ئۆزىنى يېڭىلايدۇ. ئەگەر ماددا ئالمىشىش توختاپ قالىدىكەن، ئۇ چاغدا ھاياتلىقمۇ ئاخىرلىشىدۇ.

جانلىقلار ماددا ئالمىشىش ئاساسىدىلا، ئوسۇش، يېتىلىش، كۆپىيىش، نەسىل قالدۇرۇش، ئۆز-گىرىشچانلىق، تەسىرلىنىشچانلىق، تەسىرگە قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇش قابىلىيىتى ۋە ماسلىشىشچانلىق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

3 . نىمە ئۈچۈن پروتوپلازما ھاياتلىقنىڭ ماددى ئاساسى دېيىلىدۇ؟

**جاۋاپ:** يەر شارىدىكى جانلىقلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكىلەردىن باشقا ھەممىسى ھۈجەيرىدىن تۈزۈلگەن. ھۈجەيرە — جانلىقلار تېنىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ھاياتلىق پائالىيىتىنىڭ تۈپ بىرلىكى. ھۈجەيرە تۈزۈلۈشىنى تۈزگۈچى — ھۈجەيرە پوستى، سىتوپلازما، ھۈجەيرە يادروسىدىكى ماددىلار پروتوپلازما دېيىلىدۇ. پروتوپلازما تەركىۋىدە كۆپلىگەن خىمىيىلىك ئېلېمېنتلار بولۇپ، ئۇلار بىرىكمە ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئاقسىل، نۇكلېئىن كىسلاتاسى، قەنتلەر، ياغلار، سۇ ۋە ئانورگانىك تۇزلار قاتارلىق. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھىم تەركىپ ئاقسىل بىلەن نۇكلېئىن كىسلاتاسىدۇر. ئاقسىل — ھاياتلىق پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق گەۋدىلەندۈرگۈچىسىدۇر. نۇكلې-

ئىن كىسلاتاسى — بارلىق جانلىقلارنىڭ ئىرسى ماددىسى بولۇپ، ئاقسىلنىڭ سىنتېزلىنىشىنى كونترول قىلىدۇ. ھاياتلىق ھادىسىسى پروتوپلازما تەركىپلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پروتوپلازما — ھاياتلىقنىڭ ماددى ئاساسى دېيىلىدۇ.

4. پروتوپلازما قايسى خىمىيىۋى ئېلېمېنتلاردىن تەركىب تاپقان؟

**جاۋاب:** ھەر قانداق جانلىقنىڭ پروتوپلازمىسىدا كاربون، ھىدروگېن، ئوكسىگېن، ئازوت، فوسفور، گۈڭگۈرت، خلور، ناترىي، كالىي، ماگنىي، كالتسىي، تۆمۈر قاتارلىق 12 خىل خىمىيىلىك ئېلېمېنتلار بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كاربون، ھىدروگېن، ئوكسىگېن، ئازوت قاتارلىق 4 خىل ئېلېمېنتنىڭ مىقدارى ئەڭ كۆپ بولۇپ، پروتوپلازما ئومۇمى ئېغىرلىقىنىڭ تەخمىنەن 98% نى ئىگەللەيدۇ؛ قالغان 8 خىل ئېلېمېنت ئومۇمى ئېغىرلىقنىڭ 2% كە يېقىنراغىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مىكرو ئېلېمېنتلارمۇ بولىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھاياتلىق ماددىلىرى بىلەن ھاياتسىز ماددىلاردىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىمىيىۋى ئېلېمېنتلاردىن قۇرۇلغان، شۇڭا جانلىقلار بىلەن جانسىزلار بۇ جەھەتتە بىردەكلىككە ئىگە.

5. ئاقسىللار قانداق تۈزۈلىدۇ؟ ئۇنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىدىكى رولى قانداق بولىدۇ؟

**جاۋاب:** ئاقسىل پروتوپلازمىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى، پروتوپلازمىنى تۈزگۈچى ئورگانىك مىقدارلار ئىچىدە ئاقسىل تەخمىنەن 80% نى ئىگەللەيدۇ، ھاياتلىق پائالىيىتىدىن قارىغاندا ئاقسىل — ھاياتلىق پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق گەۋدىلەندۈرگۈچىسىدۇر.

ئاقسىلنى تۈزگۈچى مۇھىم تەركىپلەر — كاربون، ھىدروگېن، ئوكسىگېن، يەنە گۈڭگۈرتمۇ بولىدۇ. جانلىقلار تۇقۇلمىلىرىدىكى ئازوتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاقسىلدا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بەزى ئالاھىدە ئاقسىللار تەركىۋىدە يەنە فوسفور، تۆمۈر، ماگنىي، يود قاتارلىق ئېلېمېنتلار بولىدۇ. ئاقسىلنى تۈزگۈچى ئاساسى بىرلىك ئامىنو كىسلاتاسىدۇر. ئاقسىلنى تۈزگۈچى بۇ خىل ئامىنو كىسلاتالىرى تەخمىنەن 20 خىل، لېكىن بىر دانە ئاقسىل مالېكۇلىسىنى تۈزگۈچى ئامىنو كىسلاتاسىنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ، ئاز بولغاندا 100 دانە، كۆپ بولغاندا 100000 دانە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاقسىل مالېكۇلىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقى بىر قانچە 10 مىڭدىن بىر قانچە مىليونغا بارىدۇ. ئامىنوكىسلاتا مالېكۇلىسىدا بىر دانە كاربوكسىل گۇرۇپپىسى بىلەن بىر دانە ئامىنو گۇرۇپپىسى بولىدۇ. كاربوكسىل گۇرۇپپىسى كىسلاتالىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، ئامىنو گۇرۇپپىسى ئاساسلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئامىنو كىسلاتاسى ھەم كىسلاتالىق ھەم ئاساسلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىر خىل بىرىكمە، ئامىنوكىسلاتاسىنىڭ ئومۇمى فورمۇلىسى تۆۋەندىكىچە:

$$\begin{array}{c} R \\ | \\ H_2N-C-COOH \\ | \\ H \end{array}$$

(ئامىنو گۇرۇپپىسى) (كاربوكسىل گۇرۇپپىسى)

ئاقسىل مالېكۇلىسىنىڭ تۈپكى تۈزۈلۈشى — پېپتىد زەنجىرىدۇر. پېپتىد زەنجىرى — كۆپلىگەن ئامىنو كىسلاتالىرىنىڭ كوندېنساتسىيىلىشىپ، سۇ يوقىتىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بىر دانە ئاقسىل مالېكۇلىسىدا بىر ياكى بىر قانچە پېپتىد زەنجىرى بولىدۇ. ئاقسىل مالېكۇلىسىنىڭ پېپتىد زەنجىرلىرى ھەر خىل شەكىلدە بولغاچقا، ئوخشىمىغان تۈزۈلۈشلەرنى پەيدا قىلىدۇ، شۇڭا ئاقسىللار ھەم مۇرەككەپ ھەم كۆپ خىل، پەرقلىق بولىدۇ.

ئاقسىل پروتوپلازمىنى تۈزگۈچى مۇھىم تەركىپ، ھاياتلىق پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىلەندۈرگۈچىسى. مەسىلەن، پېرمېنت (بىر خىل ئالاھىدە ئاقسىل) ماددا ئايلىنىش جەريانىدا كاتالىزاتورلۇق رول ئوينايدۇ؛ ئىنسولىنمۇ ئاقسىل بولۇپ، ئۇ بەدەندىكى قەنتلەر بىلەن ياغلارنىڭ ئايلىنىشىنى تەڭشەيدۇ؛ مۇسكۇلنى قىسقارتىدىغىنىمۇ ئاقسىل؛ نۇرغۇن ھايۋانلارنىڭ نەپەسلىنىشىدە، ئوكسىگېن يەتكۈزۈپ بېرىدىغىنىمۇ ئاقسىل؛ ھايۋانلارنىڭ ناھايىتى كۆپ خىل ھورمۇنىمۇ ئاقسىل؛ شۇنىڭدەك، ھۈجەيرىنىڭ فىزىولوگىيىلىك پائالىيىتىنى تەڭشىگۈچى فېرمېنتمۇ ئاقسىل. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاقسىل بولمىسا ھاياتلىق پائالىيىتىمۇ بولمايدۇ.

جانلىقلار دۇنياسىنىڭ خىلمۇ - خىل بولۇشى، ئاقسىللارنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مانا بۇ، ئاقسىل تۈزۈلۈشىنىڭ مۇرەككەپ ۋە كۆپ خىل بولۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. شۇ سەۋەپتىن، يەر شارىدىكى 2 مىليون تۈردىن ئارتۇق خىلمۇ - خىل جانلىقلار ئارىسىدا تۈر بىلەن تۈر، ئوخشاش بىر تۈر ئىچىدىكى ھەر قايسى ئىندىۋىدلار، ئوخشاش بىر ئىندىۋىدنىڭ ئوخشىمىغان توقۇلما ۋە ئورگانلىرى پەرق قىلىدۇ.

6 . نۇكلېئىن كىسلاتاسىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە تۈرگە بۆلۈنىشى قانداق؟

**جاۋاپ:** نۇكلېئىن كىسلاتاسىنى تۈزگۈچى ئاساسىي بىرلىك نۇكلېئوتىد، نۇكلېئىن كىسلاتاسى بىر قانچە يۈز، بىر قانچە مىڭ نۇكلېئوتىدلارنىڭ تۇتىشىشىدىن ھاسىل بولغان يۇقىرى مالېكۇللۇق بىرىكمە.

نۇكلېئىن كىسلاتاسى ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىر تۈرى دېئوكسى رىبونۇكلېئىن كىسلاتاسى بولۇپ، ئادەتتە قىسقارتىپ DNA دېيىلىدۇ. يەنە بىر تۈرى رىبونۇكلېئىن كىسلاتاسى بولۇپ، ئادەتتە قىسقارتىپ RNA دېيىلىدۇ. DNA ئاساسەن ھۈجەيرە يادروسىدا مەۋجۇت بولىدۇ. RNA ئاساسەن سىتوپلازمىدا مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇلار بارلىق جانلىقلارنىڭ نەسىل ماددىسى.

7 . قەنتلەر بىلەن مايلار جانلىقلار تېنىدە قانداق رول ئوينايدۇ؟

**جاۋاپ:** قەنتلەر ئۆسۈملۈكلەردىكى فوتوسىنتېزلىق سىنتېزلىنىشتىن ھاسىل بولىدىغان ئورگانىك ماددا بولۇپ، ئۇ كاربون، ھىدروگېن، ئوكسىگېندىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئېلېمېنتتىن قۇرۇلىدۇ. قەنتلەر: بىر قەنتلىكلەر (مونوساخارىدلار)، ئىككى قەنتلىكلەر (دى ساخارىدلار)، كۆپ قەنتلىكلەر (پولى ساخارىدلار) دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. قەنتلەر — جانلىقلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىدە مۇھىم ئېنېرگىيە مەنبەسى ھېساپلىنىدۇ.

ياغلار — كاربون، ھىدروگېن، ئوكسىگېندىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئېلېمېنتتىن تۈزۈلگەن ئورگانىك بىرىكمە، تەركىۋىدە يەنە ئازوت، فوسفور قاتارلىقلارمۇ بولىدۇ. ياغلار ياغ، لېتسىتىن① ۋە ستېرىنلار②نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېتسىتىن پروتوپلازمىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى بولۇپ، فوسفاتىدلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. فوسفاتىدلارنىڭ تەركىۋىدە فوسفور بولىدۇ، ئۇ ھۈجەيرە پەردىسى بىلەن سىتوپلازمىدىكى ھەر خىل ھۈجەيرە ئاپاراتلىرىنىڭ پەردە تۈزۈلۈشىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى. ستېرىنلار ئورگانىزىم تېنىدىكى ماددا ئالمىشىشىنىڭ نورمالنى ئېلىپ بېرىلىشىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

8 . سۇ بىلەن تۇز جانلىقلار تېنىدە قانداق رول ئوينايدۇ؟

**جاۋاپ:** پروتوپلازمىدا سۇنىڭ مىقدارى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئادەتتە 90% — 65 نى ئىگەللەيدۇ، ئۇ پروتوپلازمىنى تۈزگۈچى مۇھىم تەركىپلەرنىڭ بىرى. سۇ فوتوسىنتېزنىڭ ماتېرىيالى، شۇنداقلا ماددا ئالمىشىش جەريانىدا ياخشى ئېرىتكۈچى بولۇپ، ئۇزۇقلۇق بىلەن كېرەكسىز ماددى-

---

لېتسىتىن بىلەن ستېرىنلار ياغلار بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان ماددىلاردۇر.

لار سۇدا ئېرىگەندىلا، ئاندىن ھۇجەيرىگە سىڭىپ كىرىدۇ ياكى ھۇجەيرىدىن چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. سۇ يەنە جانلىقلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سۇ بولمىسا ھۇجەيرە ياشيالمايدۇ.

ئانورگانىك تۇزلارمۇ ھاياتلىق پائالىيەتلىرىدە زۆرۈر، مەسىلەن،ناترىي خلور، كالىي سۇلفات قاتارلىقلار. ئۇلار پروتوپلازمىدا پارچىلىنىپ ئىئون ھالىتىگە ئايلىنىدۇ. ناترىي ئىئونى بىلەن كالىي ئىئونى ھۇجەيرە ئىچى بىلەن سىرتىنىڭ سىڭىش بېسىمىنى (ئوسموس رولىنى) تەرتىپكە سالىدۇ. يەنە بەدەندىكى فېرمېنتنىڭ رولىغا، شۇنىڭدەك جانلىقلار تېنىنىڭ نورمال فىزىئولوگىيىلىك پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا قاتنىشىدۇ.

9 . نېمە ئۈچۈن ھۇجەيرە جانلىقلار تېنىنى تۈزگۈچى ئاساسىي بىرلىك دېيىلىدۇ؟

**جاۋاپ:** ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى جانلىقلار (ۋىرۇسلار) دىن سىرت، جانلىقلار تېنىنى تۈزگۈچى ئاساسىي بىرلىك ھۇجەيرىدۇر. چۈنكى، ھاياتلىق ماددىلىرىدىن بولغان ئاقسىل، نۇكلېئىن كىسلاتاسى، ياغلار، قەنتلەر ۋە باشقا ماددىلارنىڭ ھەممىسى، ھاياتلىق جەريانىنى مۇستەقىل ھالدا ئاخىرلاشتۇرالمايدۇ، پەقەت مۇشۇ خىل تۈزگۈچى تەركىپلەر بەلگىلىك شەكىلدىكى توقۇلما تۈزۈلۈشكە ئايلانغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ھاياتلىق ھادىسىسى ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. ھۇجەيرە مۇشۇ ھاياتلىق ماددىلىرىنىڭ ئەڭ ئاددى، ئەڭ تۆپكى توقۇلما تۈزۈلۈشى بولۇپ، تۈرگۈنلىگەن ھۇجەيرىلەر بەلگىلىك توقۇلمىلار شەكلى ئارقىلىق، ئاندىن جانلىقلار تېنىنى ھاسىل قىلىدۇ. جانلىقلار تېنىدە بولىدىغان فىزىئولوگىيىلىك فۇنكسىيىلەرنىڭ ھەممىسى ھۇجەيرىلەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۇجەيرە جانلىقلار تېنىنى تۈزگۈچى بىرلىك بولۇپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ھاياتلىقنىڭ فۇنكسىيە بىرلىكىدۇر.

10 . ئوپتىكىلىق مىكروسكوپتا قارىغاندىكى ھۇجەيرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنىڭ فۇنكسىيىسى قانداق؟

**جاۋاپ:** ئوپتىكىلىق مىكروسكوپتا پىيازنىڭ پوستىنى كۆزەتسەك، ھۇجەيرىنىڭ ــ ھۇجەيرە پوستى، ھۇجەيرە پەردىسى، سىتوپلازما ۋە ھۇجەيرە يادروسىدىن ئىبارەت تۆت قىسىمدىن تۈزۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

ھۇجەيرە پوستى. ھەر بىر ھۇجەيرىنىڭ سىرتىنى بىر قەۋەت تىنىق نېپىز پوست ئوراپ تۇرىدۇ، بۇ ھۇجەيرە پوستى دېيىلىدۇ. ھۇجەيرە پوستى ھۇجەيرىلەرنى قوغداش ۋە تۇتۇپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

ھۇجەيرە پەردىسى. ھۇجەيرە پەردىسى پلازما دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ، ھۇجەيرە پوستىنىڭ ئىچىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان ئىنتايىن نېپىز بىر قەۋەت پەردە بولۇپ، ماددىلارنىڭ كىرىپ - چىقىشىنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ؛ يەنى زىيانلىق ماددىلارنىڭ ھۇجەيرىگە كىرىشىنى توساپ تۇرىدۇ.

سىتوپلازما. ھۇجەيرە يادروسىنىڭ سىرتىدىكى، ھۇجەيرە پەردىسىنىڭ ئىچىدىكى بارلىق ماددىلار سىتوپلازما بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىگە بەزى مۇستەقىل فۇنكسىيىلەرگە ئىگە ھۇجەيرە ئاپپاراتلىرىنى، مەسىلەن، يىپ - دانىچىلىك تەنچە (خوندرىئوسوما)، پلازما تەنچىسى (پلاستىد)، سىتوپلازما ئىچكى تورى (ئېندوپلازما تورى)، گولگى تەنچىسى (Golgi bodies)، مەركىزى تەنچە (سېنتروسوما)، ۋاكۇئولا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يىپ - دانىچىلىك تەنچە. ئۇ، ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھۇجەيرىسىدە خېلىلا ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ، تاياقچىسىمان ياكى شارسىمان بولىدۇ. تۈزۈلۈشى جەھەتتە ئىچكى - تاشقى ئىككى قەۋەتلىك پەردىدىن تۈزۈلگەن، تاشقى پەردە يىپ - دانىچىلىك تەنچىنى سىتوپلازمىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ، ئىچكى پەردىنىڭ ئوخشىمىغان ئورۇنلىرى يىپ - دانىچىلىك تەنچىنىڭ ئىچكى بوشلۇقىغا قاتلىنىپ، قوۋۇرغا ھاسىل قىلىدۇ. يىپ - دانىچىلىك تەنچىنىڭ ئىچكى پەردىسىگە تۈرگۈنلىگەن دانىچىلەر تارقالغان. بۇ ئاساسىي دانىچە دېيىلىدۇ. ئاساسىي دانىچە ئىچىدە نەپەسلىنىش

بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇنلىغان فېرمېنتلار بولىدۇ. يىپ - دانىچىلىك تەنچە ئىچىدە يەنە ئاز مىقداردا DNA بىلەن RNA بولىدۇ.

يىپ - دانىچىلىك تەنچىنىڭ ئاساسلىق فونكسىيىسى نەپەسلىنىش. ئۇ، ناھايىتى نۇرغۇن يۇقۇرى ئېنېرگىيىلىك بىرىكمە — ATP نى ئىشلەپ بېرىدۇ، شۇڭا ھۇجەيرىلەر نەپەسلىنىشىنىڭ مەركىزى. ھۇجەيرىلەرنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىدە كېرەكلىك ئېنېرگىيىنىڭ تەخمىنەن 95% ى يىپ‌دانىچىلىك تەنچىدىن كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يىپ - دانىچىلىك تەنچە جانلىقلارنى ئېنېرگىيە بىلەن ئاساسلىق تەمىنلىگۈچىدۇر.

پلاستىد. ئۇ، ئۆسۈملۈك ھۇجەيرىسىگە خاس بولغان ھۇجەيرە ئاپاراتى بولۇپ، چوڭ ئىككى خىلغا بولۇنىدۇ: بىر خىلىدا پىگمېنت (رەڭ ماددىسى) بولمايدۇ، شۇڭا ئۇ لېيكوپلاست (ئاق رەڭلىك تەنچە) دېيىلىدۇ؛ يەنە بىر خىلىدا خلوروپلاست (رەڭلىك ماددا) بولىدۇ. مەسىلەن، يوپۇرماق خلوروپلاستىغا ئوخشاش. لېيكوپلاست ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يورۇقلۇق تەگمەيدىغان قىسمىغا تارقالغان بولۇپ، بەزىلىرى كىراخمال ۋە ماي دانىچىلىرىنى زاپاس ساقلايدىغان فونكسىيىگە ئىگە. خلوروپلاست ئادەتتە يالپاق ئېللىپىس شەكلىدە ياكى شار شەكلىدە بولۇپ، ئۇنى ئىككى قەۋەت پەردە ئوراپ تۇرىدۇ، ئىچكى قىسمىدا بىر قانچە ئون يېشىل رەڭلىك دانىچىلار بولىدۇ، بۇ خىل ئاساسىي دانىچىلىرىنىڭ ھەر بىرى 10 — 100 گىچە پىلاستىنكا قەۋەتتىن تۈزۈلگەن، خلوروپىل بىلەن باشقا پىگمېنتلارنىڭ ھەممىسى پىلاستىنكا تۈزۈلۈشىدىكى نېپىز پەردىگە تارقالغان. فوتوسىنتېز مانا مۇشۇ پىلاستىنكا قەۋەتنىڭ نېپىز پەردىسىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئىندوپلازما تورى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر ھۇجەيرىسىنىڭ سىتوپلازمىسىدا، پەردىدىن تۈزۈلگەن تورسىمان تۈزۈلۈش بولىدۇ. بەزى ئىندوپلازما تورىنىڭ تاشقى يانلىرىغا نۇرغۇنلىغان ئاقسىل، RNA ۋە ئېنزىمدىن تۈزۈلگەن ئۇششاق دانىچىلار يېپىشقان بولۇپ، بۇ رىبوزىلىق تەنچە دېيىلىدۇ. رىبوزىلىق تەنچە ھۇجەيرىدىكى ئاقسىل سىنتېزلىنىدىغان جايدۇر.

گولگى تەنچىسى بىلەن مەركىزى تەنچە. گولگى تەنچىسى سىتوپلازمىدىكى بىر خىل ئاپاراتى بولۇپ، تورسىمان ھالەتتە كۆرۈنىدۇ، بۇنى ئەڭ بۇرۇن گولگى كەشپ قىلغان بولغاچقا گولگى ئاپاراتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۆسۈملۈك ھۇجەيرىسىدىكى گولگى تەنچىسى ھۇجەيرە پوستىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ ھايۋان ھۇجەيرىسىنىڭ گولگى تەنچىسى ھۇجەيرە سۇيۇقلۇق ئاجراتمىلىرىنىڭ ھاسىل بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەركىزى تەنچە — ھايۋان ۋە بەزى ئۆسۈملۈكلەر ھۇجەيرىسىنىڭ ھۇجەيرە ئاپاراتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ھۇجەيرە مەركىزىگە يېقىنراق، ھۇجەيرە يادروسىغا چاپلىشىپ تۇرغاچقا مەركىزى تەنچە دېيىلىدۇ. مەركىزى تەنچە ئاساسەن مەركىزى دانىچىلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ھۇجەيرىلەرنىڭ يىپلىق بولۇنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

11 . ھۇجەيرە يادروسى قايسى قىسىملاردىن تۈزۈلگەن؟

**جاۋاپ:** ھۇجەيرە يادروسىنىڭ كۆپچىلىكى ھۇجەيرە مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمەن يۇمىلاق ياكى ئېللىپىس شەكلىدە بولىدۇ. ھۇجەيرە يادروسى ئاساسەن تۆۋەندىكى قىسىملاردىن تۈزۈلگەن:

يادرو پەردىسى. بۇ، ھۇجەيرە يادروسى بىلەن سىتوپلازمىنى ئاجرىتىپ تۇرىدىغان پاسىل پەردە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان تۆشۈكچىلەر بولىدۇ، ھۇجەيرە يادروسى بىلەن سىتوپلازمىدىكى ماددىلار مۇشۇ تۆشۈكچىلەر ئارقىلىق ئالمىشىدۇ.

خروماتىن. خروماتىن ئاساسلىق مۇھىتتا ئاسان رەڭلىنىدىغان ھۇجەيرە يادروسىدىكى ماددا بولۇپ، ئىنچىكە يىپسىمان ھالەتتە بولىدۇ. ھۇجەيرىلەر بولۇنگەندە خروموسوم بولۇپ شەكىللىنىدۇ. خروماتىن ئاساسەن ئاقسىل بىلەن RNA دىن تۈزۈلگەن.

يادروچە. ھۇجەيرە يادروسىدا بىر ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ يادروچە بولىدۇ؛ كۆپچىلىكى شار شەكلىدە. يادروچە ئاساسەن ئاقسىل بىلەن RNA دىن تۈزۈلگەن. يۇقۇرقىلاردىن باشقا يەنە ھۇجەيرە يادروسىدا شىلىمسىمان ھالەتتىكى يادرو سۇيۇقلۇغى بولىدۇ.

# ئوقۇتقۇچىلارغا خۇددى لېنىنغا ئوخشاش غەمخورلۇق قىلىش كېرەك

ۋىتخونوۋسكىي ئوزىنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى ماتارىپى» دا ئېلان قىلغان ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: لېنىن تۈزگەن سوتسىيالىزم قۇرۇش پىلانىدا، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئورنى ۋە رولىغا ئىنتايىن زور كوڭۇل بولۇنگەن. لېنىن: مەملىكىتىمىزدىكى خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئورنىنى ئەزەلدىن كورۇلۇپ باقمىغان، بۇرژۇئا جەمىيىتىدە كورۇلۇپ باقمىغان، كورۇلۇشمۇ مۇمكىن بولمىغان دەرىجىدە يۇكسەكلىككە كوتىرىش كېرەك، دىگەن ئۇلۇق تارىخىي ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇ ماقالىدا مۇنداق دىيىلىدۇ: سوۋېت دولىتى ئوقۇتقۇچىلارغا ئىنتايىن غەمخورلۇق قىلىدۇ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىناۋىتىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئوستۇرىدۇ، كونا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى ئوزگەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ مۇئاشى ۋە پېنسىيە پۇلىنى زور كۇچ بىلەن ئوستۇردى. 1922 - يىلى، ئىچكى ئۇرۇش ئەمدىلا ئاخىرلاشقان قىيىن ئەھۋال ئاستىدىمۇ لېنىن ھەممىدىن بۇرۇن مەكتەپلەرنىڭ ئاشلىق ۋە بولكىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. لېنىن يەنە ھەربىي مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتلارنىڭ خىراجىتىنى كېمەيتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ماتارىپ خىراجىتىنى ئارتتۇرۇشنى تەكلىپ قىلغان.

ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا 3 مىليون ئوقۇتقۇچى بار. يېزىدىكى ئوقۇتقۇچىلار تۇرار جاي، ئىسسىنىش، يورۇتۇش قاتارلىقلاردىن پۇلسىز بەھرىمەن بولماقتا. قالدۇرۇق يەر تېرىشتىمۇ ياردەمگە ئېرىشمەكتە.

(«چەتئەللەردىكى ئىجتىمائى پەنگە دائىر تەخەۋەرلەر»نىڭ 9 - سانىدىن)

---

( بېشى 68 - بەتتە )

چىقتى ھەمدە ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى. ئۇ شىنجاڭ ئوتتۇرا مەكتەپلەر تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش ئىلمىي تەتقىقات جەمىيىتى ۋە شىنجاڭ لوگىكا ئىلمىي تەتقىقات جەمىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنىغا قاتنىشىپ كەلگەندىن كېيىن، مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشنى ئىلمىي ئىزغا سېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوز ئانا تىلىدا ئوقۇش، يېزىش، تەھلىل قىلىش ۋە ئىپادىلەش (يېزىق ۋە نۇتۇق) ئىقتىدارىنى قەدەممۇ - قەدەم ئوستۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى ساغلام ئىدىيىۋى ھىسسىيات، ئالىجاناپ پەزىلەتكە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەش مەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قاراپ يېتەكلىدى.

يولداش خۇدۇيۇمبەردى مەسۇم يېتەكچىلىك قىلغان تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، مەكتەپ بويىچە ئۇدا ئىلغار كوللىكتىپ بولۇپ تەقدىرلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ 28 يىلنى خۇددى بىر كۇندەك ئوتكۇزۇپ، سىياسى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئوستۇرۇش جەھەتتە ئوزىنىڭ شەرەپلىك ئورنىغا مۇناسىپ ئىش قىلدى. ئەخلاقلىق، بىلىملىك، ساغلام بىر ئەۋلات كىشىلەرنى يېتىشتۇرۇش ئۇچۇن توھپە قوشتى. يېقىندا ئۇ ۋىلايىتىمىزدە ئېچىلغان سوتسىيالىستىك قورۇلۇش سېپىدىكى قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، پارتىيە ۋە خەلق ھوكۇمىتىنىڭ ھورمىتىگە، خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

پېداگوگىكىلىق مەسلىھەت

# ئوچۇق دەرسنىڭ ھەقىقىي ئوچۇق دەرس بولغىنى ياخشى

ئابلەت ياسىن

(قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىدىن)

ئوچۇق دەرس — ئوقۇتۇشتىكى ياخشى ئۇسۇل - چارىلارنى ئومۇملاشتۇرۇش، تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، بولۇپمۇ ياش ئوقۇتقۇچىلارنى ئەمەلىي تەربىيىلەش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشتىكى بىر ياخشى شەكىل. شۇڭا ئوچۇق دەرس ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئوقۇتقۇچىلار دەرسنى پۇختا تەييارلاش ئارقىلىق ياخشى ئۆتۈپ، شۇ دەرسكە قاتناشقان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلاردا ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش، ئۇلارنى ئۆزىگە ئىلھام بېرەلەيدىغان بىرەر نەرسىنى ئۆگىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم. ئەمما ئوچۇق دەرسكە "مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا بولسۇنكى، مۇۋەپپەقىيەتسىز بولمىسۇن" دېگەن تەلەپنى قويۇش تولىمۇ ئورۇنسىز. چۈنكى ئوچۇق دەرسنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتى — ئۇنىڭ ئەمەلىي ۋە تەبىئىي ئۆتۈلۈشىدە، ئوچۇق دەرس مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىمۇ، مۇۋەپپەقىيەتسىز بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، ئۇنىڭغا قاتناشقۇچىلار مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىدە پايدىلىنىدۇ ۋە كېڭەيتىدۇ؛ مۇۋەپپەقىيەتسىز بولسا، بۇنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ، ياخشىلاش چارە - تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پايدىلىق. شۇڭا، مەيلى مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىسى بولسۇن ياكى مەغلۇبىيەت ساۋىقى بولسۇن، ئۇنى ياخشى يەكۈنلەپ، ئوقۇتۇش خىزمىتىمىزنىڭ تېخىمۇ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

ئەمما نۆۋەتتە، ئوچۇق دەرس ئۆتۈش مەسىلىسىدە بەزى ناچار خاھىشلار ساقلانماقتا.

مەن بۇ يىل 4 ئايدا قەشقەر شەھىرى بويىچە مائارىپ خىزمەت يىغىنىغا قاتناشقان بىر قىسىم ۋەكىللەر بىلەن بىللە مەلۇم باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىق سىنىپىغا كىرىپ، تىل دەرسىدىن بىر سائەتلىك ئوچۇق دەرسنى ئاڭلىغان ئىدىم. دەرس ئاڭلاش جەريانىدا "ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاساسى يامان ئەمەس، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇتۇش مېتودىمۇ ياخشى ئىكەن" دەپ ئويلىغان بولسامۇ، لېكىن سورالغان سوئاللارغا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قول كۆتۈرۈشى، ئوقۇتقۇچى ئىسمىنى ئاتىغانلىكى ئوقۇغۇچىنىڭ خۇددى يادلىۋالغاندەك توغرا جاۋاپ بېرىشى... قاتارلىق ئەھۋاللار، مېنىڭدە يەنە شۇ سائەتلىك دەرسكە قارىتا گۇمان پەيدا قىلدى. دەرستىن چۈشكەندە، ئوچۇق دەرسكە قاتناشقان بەزى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بۇ توغرىسىدا سۆزلەشكىنىمدە، ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش گۇمانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: "ئەمدىلا بىرىنچى سىنىپقا كىرگەن ئوقۇغۇچىلار 'بوجەن'، 'شەبنەم'، 'دىمىق' دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى شۇنچە توغرا ۋە ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ كېتەلەرمۇ؟" دېيىشتى. شۇڭا، ئوچۇق دەرس ئۆتۈشتىن ئىلگىرى ئوقۇتقۇچىنىڭ شۇ

دەرسنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگەتكەن ـ ئۆگەتمە
گەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، بەزى ئوقۇغۇچـ
لاردىن بۇنى سورىغان بولسامۇ، ئۇلار: "ئۆ-
گەتمىدى. ئۆزىمىز ئوقۇپ كەلدۇق..." دېيىشتى.
لېكىن ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەنـدە، شۇ
سىنىپتىكى بىر ئوقۇغۇچىدىن: "قـايسى كۈنى
ئۆتكەن ئوچۇق دەرسنى ئوقـۇتقۇچى سىلەرگـە
ئالدىن تەكرار قىلىپ بەرگەنمۇ؟" دەپ سورىـ
ۋىدىم، ئۇ: "تەكرار قىلىپ بـەرمىدى، مەزمۇ-
نىنى دەپ بەردى. دەرس ئاڭلاشقا مېھمانـلار
كېلىدۇ، ئەتىگەنلىك ۋە كـەچلىك ئىختىيارى
ھەركەت ۋاقتىدا مەن سۆزلەپ بەرگەن بويىچە
يادلاپ كېلىڭلار دېگەن" دېدى. مەن: "مۇئەلـ
لىمىڭ سىنىڭدىنمۇ سوئال سـوراپ دوسكىغا
چىقاردى. مۇشۇنىمۇ ساڭا ئالـدىن ئېيتقانمۇ؟"
دېگەن ئىدىم. ئۇ: "ئېيتقان، دوسكىغا چىقىدىغان،
سوئالغا جاۋاپ بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى بەلـ
گىلىگەن. كىمدىن قانداق سوئال سورايدىغانلىـ
قىنى، قانداق جاۋاپ بېرىش لازىملىقىنى ئېيـ
تىپ، چوقۇم يادلاپ كېلىشنى تاپىلىغان" دېدى.
قېشىمدا مـەلۇم ئوتتۇرا مـەكتەپنىڭ بىر قىز
ئوقـۇغۇچىسمـۇ بار ئىدى. ئـۇمۇ سـۆز
قىستۇرۇپ مـۇنداق دېـدى: "بىزنىڭ مـەكتەپـ
تىمۇ شۇنـداق قىلىدۇ. ئوچـۇق دەرستىن
بۇرۇن، ئۆتـۈلىدىغـان دەرس مـەزمۇنى،
سـورىلىدىغـان سوئال، بېرىلىدىغان جاۋاپنىڭ
ھـەممىسىنى ئوقـۇتقۇچى سۆزلـەپ بېرىپ:
يـاخشى يـادلاپ كېلىڭـلار، يـادلىمىساڭلار
سـوئالغا جـاۋاپ بېرەلمەيسلـەر، بۇنـداق
بولسا، مـەكتەپنىڭ، سىنىپىمىزنىڭ ئىناۋىتىگە
تەسىر يېتىدۇ. باشقىلار: 'ئوقۇتقۇچى ئـالدىن
تەكرار قىلىپ بەردىمۇ؟' دەپ سورىسا، 'تەكرار
قىلىپ بەرمىدى، ئۆزىمىز ئـۆگىنىپ كـەلدۇق'
دەڭلار دەيدۇ".

بىر قىسىم مەكتەپ مەسئۇللىرى ۋە ئايرىم
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوچۇق دەرسنىڭ ھەقىقى ئەھـ
مىيىتىگە بولغان تونۇشى توغرا بـولمىغاچقا،
ئۇلار: "ئوچۇق دەرسكە كـۆپچىلىك سىرتتىن
كېلىپ قاتنىشىدۇ. شۇ سائەتلىك ئوچۇق دەرسـ
تىن شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى، دەرس
ئۆتكۈچىنىڭ ئوقۇتۇش مېتودى، ئوقـۇغۇچىلارنىڭ
ئۆگىنىش ئاساسى قانداق ئىكەنلىكىنى كورىدۇ.
شۇڭا ئوچۇق دەرس مـۇۋەپپەقىيەتلىك بولـا
بولسۇنكى، مۇۋەپپەقىيەتسىز بولمىسۇن" دەپ قاـ
رىغاچقا، يۇقۇرقىدەك بـولمىغۇر قىلىقلار بىلەن
شۇغۇللىنىپ، باشقىلار ئالدىدا ساختا كـورىنىش
پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ
ئالدايدۇ. تېخىمۇ يامان يېرى "باشقىلار سوراپ
قالسا ئۆزىمىز ئۆگەندۇق دەڭلار" دېيىش ئارـ
قىلىق ئوقۇغۇچىلارغا يـالغانچىلىقتىن ئىبارەت
ناچار ئىستىلنى ئۆگىتىدۇ. ئەگەر ئوقـۇغۇچىلار
1 ـ سىنىپتىن تارتىپ شۇنداق يالغـانچىلىققا
ئۆگىتىلسە، يـۇقۇرى مـەكتەپلەرگە چىققاندا
ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم بولۇپ چىقىشىنى تەـ
سەۋۋۇر قىلىش تەس.

ئوچۇق دەرستە سـۆزلەنگەن بـەزى مەز-
مۇنلارنى ئوقۇغۇچىلار ئايدىڭلاشتۇرالمىسا سوئال
قويۇشى، ئۇنىڭغا ئوقۇتقۇچىنىڭ جاۋاپ بېرىشى
نورمال ھادىسە. ئۇ ھەرگىز يامان ئىش بولـ
ماستىن، بەلكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوئال قويۇشقا،
پىكىر قىلىشقا جۈرئەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتـ
لايدۇ. شۇنداقلا، بۇ ئوچۇق دەرسنىڭ ھـەقىقى
ئەمەلىيەتلىك ئۆتـۈلگەنلىكىنىڭ، ئوقـۇتقۇچىنىڭ
تەربىيىلەش ئۇسۇلى ياخشى ئىكەنلىكىنىڭ بىر
ئالامىتى. ئوچـۇق دەرسكە قـاتناشقۇچىلارنىڭ
مەقسىدىمۇ، ئوقۇتقۇچىدىن بىرەر نـۇقسـان تېپـ
پىپ ئەدىۋىنى بېرىش ئەمەس، بەلكى مۇشۇنـ
داق ياخشى تەرەپلەرنى ئۆگىنىش. شۇڭا بىز
ئوچۇق دەرسنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئـۇنى يۈرۈشـ
تۈرۈش جەھەتتىكى تونۇشىمىزنى تـوغرىلاپ،
ئوچۇق دەرسنى ھەقىقى ئوچۇق دەرسكە ئايلانـ
دۇرىشىمىز لازىم.

مائارىپ پسىخولوگىيىسى ئۆگىنىش

# دىققەت ۋە ئۇنىڭ ئوقۇتۇشتىكى رولى

گۈلپىيە مۇھەممەت

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك 28 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

بىر سائەتلىك دەرستە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش - قىلالماسلىق — شۇ سائەتلىك دەرسنى ئوقۇغۇچىلارغا تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش - ئۆزلەشتۈرەلمەسلىككە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە. چۈنكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتى ئۈنۈملۈك مەركەزلەشتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن ئۇلارغا دەرسنى كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتۈش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ئۇنداق بولسا، بالىلارنىڭ دىققىتىنى قانداق جەلپ قىلىش كېرەك؟ ئوقۇتۇش سېپىگە يېڭى قەدەم قويغان ياش ئوقۇتقۇچىلار دەسلەپ بۇنىڭغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ئۇلارغا گويا كىچىك بالىلارنى ئوقۇتۇش ۋە تەشكىللەش ناھايىتى ئوڭايدەك، بىرلا ھەيۋە بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر قاندىغىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش مۇمكىندەك، دەرس ئۆتۈشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشنىڭمۇ ھېچقانچە زۆرۈرىيىتى يوقتەك بىلىنىدۇ ھەمدە بۇ جەھەتتە پۇختا تەييارلىق كۆرمىگەچكە، سىنىپقا كىرىشى بىلەنلا ئىش ئۆزىنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىدۇ، "رول"نى قانداق باشقۇرۇشنى بىلمەي قالىدۇ. نەتىجىدە ئاددى - قوپال ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، قارىسىغا ئىشلەشتىن خالى بولالمايدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، تەبىئىي ھالدا، ئوقۇغۇچىلار دەرستىن قېچىش، ئوقۇشتىن سوۋۇش، ئىنتىزامسىزلىق، چۇۋالچاقلىق قىلىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ، ئوقۇتقۇچىنى ئامالسىزلىق ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ياخشى ئۆگىنىش ئۈنۈمىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟

مېنىڭچە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسخانىدىكى دىققىتىنى جەلپ قىلىشتا، ئالدى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىللەش ئاساسىدا ئىش كۆرۈش لازىم. سىنىپىتكى نەچچە 10 بالىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوخشىمايدىغان مىجەز - خۇلقى، تۇرمۇش ئادىتى، سالامەتلىك ئەھۋالى، ياخشى كۆرىدىغىنى، قىزىقىدىغىنى، تەربىيىلىنىشى، قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى، زېھنى قۇۋۋىتى ۋە باشقا ئەھۋاللىرى بولىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ دەرسخانىدىكى دىققىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا ئىگىللەپ مۇۋاپىق ھەل قىلىش زۆرۈر، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، بەزى بالىلارنىڭ دەرسخانىدىكى دىققىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقىغا ئائىلىسىدىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار سەۋەب بولغان بولسا، ئائىلىسىگە ۋە ئۆزىگە ئايرىم خىزمەت ئىشلەپ ئۇنى خاتىرجەم ئۆگىنىش شارائىتىغا ئىگە قىلىش؛ بەزى بالىلار ئۆگىنىشتە كېيىن قالغان بولسا، ئايرىم دەرس تولۇقلاپ يېتىشتۈرۈپ مېڭىش لازىم. بەزى بالىلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى شوخ، ئەدەپسىز بولۇشى ۋە ئومۇمىي دىققەتنى بۇزۇشىدىكى سەۋەب — ئۇنىڭ يالغۇز بالا بولغاچقا ئەركە چوڭ بولغانلىقىدىن ياكى بەزىلەرنىڭ ئائىلە تەربىيىسى ۋە جەمئىيەتتە ئارىلاشقان كىشىلەرنىڭ

يامان بولغانلىقىدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇنداق بالىلارغا نىسبەتەن ئوقۇتقۇچى سالماق، تەمكىن ۋە سەۋرچان بولۇشى، ئىلھاملاندۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىنىڭ سۆزى ۋە ھەركىتى ئارقىلىق دائىم ئۇلارغا ئۈلگە بولۇشى، ئىنچىكە تۈردە ياخشى تەرەپكە قاراپ يېتەكلىشى كېرەك. ئاددى، قوپال ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئۇلارنى سىلكىشلەش، تىللاش ھەتتا سىنىپتىن ھەيدەپ چىقىرىشتەك ناتوغرا ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. يەنە بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە قىزىقماسلىقى ۋە دىققىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىكى سەۋەب — ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسنىڭ سەۋىيىسىدىن بەك تۆۋەن بولغانلىقىدىن بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە، شۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىش لازىم. مەسىلەن، مېنىڭ بۇ يىل يېڭى قوبۇل قىلغان سىنىپىمدا مۇشۇنداق ئوقۇغۇچىلاردىن بىر نەچچىسى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ يېشى بەك چوڭ، بەزىلىرى ئىلگىرى بىرىنچى سىنىپتا بىر نەچچە يىل ئوقۇغان بولسىمۇ سىنىپ ئاشالمىغان بالىلار ئىدى. نۆۋەتتە ئۆتۈلۈۋاتقان ئېلىپبە دەرسىنى ئۇلار ئىلگىرى ئالدىدىن بىر قېتىم ئۆتكەزگەچكە، بۇ ئۇلارغا بىر خىل زېرىكىشلىك بىلىنەتتى، ئىنتىزامسىزلىق، تەرتىپسىزلىك قىلاتتى. نېمە قىلىش كېرەك؟ مەن تەكرار ئويلىنىش ئارقىلىق ئۇلارنى سىنىپ ئاتلىتىپ ئوقۇتۇش قارارىغا كېلىپ، ئۇلارنى ياخشى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇردۇم. ئۇلاردىن بەزىلىرى سىنىپ ھەيئىتى بولۇپ، ئوقۇتۇشتىكى باشقۇرۇش ئىشلىرىدا مېنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىلىرىم بولسىمۇ، ئۇلارغا خىزمەت ئىشلەپ، رەھبەرلىك بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ بىر نەچچە ئوقۇغۇچىنى 2 - يىللىققا كۆچۈرۈش ئارقىلىق، يالغۇز شۇ ئوقۇغۇچىلارغىلا ئەمەس، بەلكى باشقا ئوقۇغۇچىلارغىمۇ تىرىشىپ ئۆگەنسە نەتىجىسىنى كۆرسەتكەنلىكىنى، كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردۇم.

ئۇنىڭدىن باشقا سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشىمۇ ئوقۇغۇچىنىڭ دەرسكە بولغان دىققىتىنىڭ قانداق بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، مېنىڭ بۇ يىلقى ئوقۇغۇچىلىرىم ئىچىدە بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى بولۇپ، كۆرۈنۈشىدىن دەلدۈشلىكى ۋە دۆتلىكى چىقىپ تۇراتتى، دەرسنى قانچە ياخشى ئۆتسەم، تەكرار ھالدا ئۆگەتسەممۇ بىلەلمەيتتى. تاپشۇرۇق بەرسەم ئىشلىمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرسخانىدىكى دىققىتى بەك ناچار بولۇپ، باشقىلار دىققەت بىلەن دەرس ئاڭلاۋاتقاندا، ئۇ جىم ئولتۇرالماي غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ تەرتىپنى بۇزاتتى. ئاتا - ئانىسى بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق بۇ بالىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللىدىم: ئەسلىدە ئۇ كىچىكىدە مېڭىسى كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئىكەن. داۋالاپ ساقايتقاندىن كېيىن، ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەن بولۇپ قاپتۇ. مەن يېقىنىدىن بۇيان سىنىپىمدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن مەخسۇس بىر دەپتەر تۇتتۇم. ئۇنىڭدا ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، يېشى، ئارتۇقچىلىق - يېتەرسىزلىكلىرى، سىنىپتىكى ۋەزىپىسى، سالامەتلىكى، قىزىقىدىغىنى ۋە ياخشى كۆرىدىغىنى؛ ئائىلە ئەھۋالى قاتارلىقلار قىسقىچە يېزىلغان. مەن بۇنى مۇشۇ ئوقۇغۇچىلار 5 - سىنىپنى تۈگەتكەنگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇپ، ھەر بىر مەزگىلدە ئۇلاردا يۈز بەرگەن ئىلگىرىلەش ياكى چېكىنىش ئەھۋاللىرىنى خاتىرىلەپ ماڭماقچىمەن.

دېمەك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇشۇنداق تۈرلۈك - تۈمەن ئوخشىمىغان ئەھۋاللىرىنى ئىنچىكىلەپ ئىگەللىگەندە، ئوقۇتقۇچى دەرسخانا

دىققىتىنى ئۇيۇشتۇرۇشتا كوڭۇلدە سان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلالايدۇ ۋە تەدبىرلىك بولالايدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئوتۇلىدىغان دەرس قانچىلىك ئاددى ياكى مۇرەككەپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا پۇختا تەييارلىق قىلىشى، ئۇنى قايتا - قايتا ئوقۇپ، مەزمۇنىنى ئىگەللىشى، ئۇنىڭدا ئوزىگە چۈشىنىكسىز ھېچنەرسە قالدۇرماسلىقى لازىم. شۇنداق بولغاندا ئوقۇتقۇچىدا ئىشەنچ ۋە غەيرەت بارلىققا كېلىدۇ، دىققەتنى جەلىپ قىلىش. دەرس مەزمۇنىنى يەتكۈزۈشتە ھېچبولمىسا تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرالايدۇ. ئەمما بەزى ئوقۇتقۇچىلار بۇنىڭغا سەل قاراپ دەرسنى پۇختا تەييارلىمىغانلىقتىن، دەرس مەزمۇنىنى تولۇق يەتكۈزەلمەي ئوزىنىمۇ، بالىلارنىمۇ قايمۇقتۇرىدۇ ياكى ئويلىمىغان يەردىن مەنىسىنى ئوزىمۇ بىلمەيدىغان بىرەر سوز - ئاتالغۇغا دۇچ كېلىپ، ئۇنى چۈشەندۈرۈشتە قىينىلىدۇ ياكى قارىسىغا سوزلەيدۇ. ھەتتا ئۇنى دوسكىغا توغرا يازالماي ۋە تولۇق تەلەپپۇز قىلالماي، بالىلارنىڭ ئالدىدا كۆلكىلىك ئەھۋالغا قالىدۇ-دە، دىققەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا دەسلەپتىلا ئوزى سەۋەپچى بولۇپ قالىدۇ. بۇنى سەۋەنلىك دېگەندىن كورە، مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئىلمىي پوزىتسىيىنىڭ كەم بولۇشى دېگەن ياخشىراق. چۈنكى ئوقۇتقۇچىغا لايىق خىسلەت ئەمەس.

ئۈچىنچىدىن، ۋاقىتنى پۇختا ئىگەللەپ، بىر سائەتلىك دەرس مەزمۇنىنى شۇ ۋاقىت ئىچىدە قانداق يەتكۈزۈشنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇللىرى ئۈستىدە چوڭقۇر باش قاتۇرۇش لازىم؛ يەنى دەرس باشلىنىش بىلەنلا دەرسنى قايسى ئۇسۇلدا ئوتسە، ھەركەت - قىياپىتىگە قانداقراق تۇس بەرسە ياكى دەرس مەزمۇنىغا ئەڭ مۇناسىۋەتلىك بولغان قايسى قىزىقارلىق سوئالنى سورىسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتى بىردىنلا ئوزىگە جەلىپ بولىدىغانلىقى، دەل مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ قايسى مەزمۇنلارنى سوزلەيدىغانلىقى قاتارلىقلار ئۈستىدە ئوبدان ئويلىنىش لازىم. مېنىڭچە، دەرس ئوتۇش شەكىللىرى بىر خىل بولماستىن، خىلمۇ - خىل بولۇشى كېرەك. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بالىلار ھەركەتنىڭ خىلمۇ - خىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ زېرىكىدىغىنى ئوخشاش بىر ھەركەت بىلەن ئۇزۇنغىچە شۇغۇللىنىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، بىر سائەتلىك دەرستە سوزلەشلا بولۇپ، ئوقۇتۇش، سوزلىتىش، يازدۇرۇش، يادلىتىش ۋە باشقا تۈرلۈك مەشىق شەكىللىرى بولمىسا، ئوقۇغۇچىلاردا زېرىكىش پەيدا بولۇپ، دىققىتى بۇزۇلىدۇ. شۇڭا بۇ شەكىللەرنى ئوز ئارا ئۇنۇملۇك بىرلەشتۈرۈپ ۋە كىرىشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش لازىم. شۇنىڭدەك بۇ ئوقۇتۇش شەكىللىرىنى كونكرېت قانداق ئېلىپ بېرىش ئۈستىدىمۇ ئىزدىنىش كېرەك. مەسىلەن، سوزلەش بىلەن سوزلىتىشنى ئالساق، ئوقۇتقۇچى دەرسنىڭ مۇھىم ۋە قىيىن نۇقتىلىرىنى تولۇق چۈشەندۈرۈش ۋە بىلدۈرۈشنى ئاساس قىلىپ، ھەممىنى بىر باشتىن سوزلەپ چىقىش ياكى نىمىنى بىلسە شۇنى سوزلەشتىن ساقلىنىش لازىم. ئوقۇغۇچىلارغا سوزلىتىشتە سوئال - جاۋاپ قىلدۇرۇش، يۇقۇرى يىللىق سىنىپلاردا تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنى رولارغا بولۇپ سوزلىتىش، بىر پارتىدا ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلارنى ياكى ئوقۇتقۇچى ئوزى تاللىغان ئىككى ئوقۇغۇچىنى ئوز ئارا دىئالوگ قىلدۇرۇش، بولۇپمۇ ئۇنى قانداق ئېلىپ بېرىشنى ياخشى پىلانلىشى لازىم. مەسىلەن، سوئال - جاۋاپ ئۇسۇلىدا، ئوقۇتقۇچى ئوزى تەييارلىغان سوئالنى ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەممە ئوقۇغۇچىنىڭ بۇ جەھەتتە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىگە ئىمكانىيەت بېرىشى، ئاندىن

مەلۇم ئوقۇغۇچىدىن سوراپ، كەم جايلىرىنى باش-
قىلارغا تولۇقلىتىشى كېرەك. بۇنداق قىلغاندا،
ھەممە ئوقۇغۇچىنى تەڭ ھەركەتكەكەلتۈرگىلى،
ئۇلارنىڭ دىققىتىنى مۇشۇ مەسىلىگە جاۋاپ
تېپىشقا مەركەزلەشتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇنداق
قىلماي، ئاۋال بىر ئوقۇغۇچىنى تۇرغۇزۇپ،
ئاندىن ئۇنىڭغا سوئال قويغاندا، ئۇ بۇنىڭدىن
تەسادىپىلىك ھىس قىلىدۇ - دە، ياخشى جاۋاپ
بېرەلمەيدۇ، باشقىلار بولسا ماڭا مۇناسىۋەتسىز
دەپ قاراپ، ئۆز ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
يەنە دەرسنى ئىمكان قەدەر ھەر خىل كورسەت-
مىلىك قوراللار بىلەن ئۆتۈش، رەسىمگە قاراپ
سوزلىتىش ۋە يازدۇرۇشنى ياخشى ئېلىپ
بېرىپ، كونكرېت شەيئىلەرنى كۆزەتكۈزۈش
ئارقىلىق پىكىر قىلىشقا يېتەكلەپ، بالىلارنىڭ
قىزىقىشىنى ئاشۇرۇش لازىم.

باشلانغۇچ مەكتەپ تۆۋەن يىللىق سىنىپ
ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېشى كىچىك، ئۇلار بىر خىل
ھەركەت شەكلى بىلەن ئۇزۇنغىچە شۇغۇللىنىش-
قا تېخىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار-
غا نىسبەتەن مەشغۇلات خىللىرىنى جانلىق
ئېلىپ بېرىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش
كېرەك. مەن ئىلگىرى 1 - يىللىقنى ئوقۇتقان-
دا مۇنداق بەزى ئۇسۇللارنىمۇ قوللانغان-
ئىدىم: مەسىلەن، بىر قېتىم دەرس ئۆتۈۋېتىپ
بالىلارنىڭ چارچاپ قالغانلىقىنى ھىس قىلغىنىمدا
ئۇلارنى زومۇ - زو دىققەتكە چاقىرىۋەرمىدىم.
چۈنكى بۇنداق قىلغاندا بالىلار بىزەڭ، كەپ
ئاڭلىماس بولۇپ قالىدۇ دەپ ئويلاپ، دەرس-
نى ۋاقتىنچە توختاتتىم - دە، ئۇلارغا:


— ساۋاقداشلار، دىققەت قىلىڭلار،
بىز ھازىر بىر ناخشا ئېيتايلى، ئاۋال
سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلار، قايسى
ناخشىنى ئېيتىمىز؟ — دېدىم. بۇنى ئاڭلاپ
ھەممىسى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى، ھارغىنلىق-
لىرى يوقالدى، ئۇيقۇسىرىغان كوزلىرى يۇلتۇز-
دەك چاقناپ، يۈزلىرىدە شاتلىق كۈلكىلىرى
جىلۋىلەندى. ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن ئوز-
لىرى ياخشى كورىدىغان ناخشىلارنىڭ ئىسمى-
نى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى. مەن ئۇلار-
نىڭ كوپچىلىكىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن «كېپىنەك»
دىگەن ناخشىنى باشلاپ بەردىم:

كېپىنەك، كېپىنەك، كەلگىن جان دوستۇم،
بۇ گۈزەل باغچامدا پەرۋاز قىلغىن شات.
..........................

بالىلار ھەممىنى ئۇنتۇپ، خۇددى چىمەنزارلىق-
تىكى شوخ كېپىنەكلەردەك يايراپ، ناخشىنى
زوق - شوق بىلەن ئېيتىشقا باشلىدى، ئۇلار-
نىڭ ئاۋازى خۇددى قوڭغۇراقتەك جاراڭلايتتى.
ناخشىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ روھىي كەيپىياتى
خېلى كوتىرىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن
دەرسنىڭ ئاخىرىنى ئوڭۇشلۇق ئوتۇپ
تاماملىدىم.

بەزى دەرس سائەتلىرىدە، بالىلاردىكى
ھارغىنلىقنى كوتىرىش ئۈچۈن ئۇلارغا:

— ئەمدى ھەممىڭلار بېشىڭلارنى جوزىغا
قويۇپ، بىر مىنۇت كوزۇڭلارنى يۇمۇپ ئارام
ئېلىڭلار، — دەيتتىم ياكى ئۇلارنىڭ ھەممى-
سىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، شۇ جايدىلا گىمى-
ناستىكىنىڭ بىر - ئىككى ئاددى ھەركىتىنى
ئويناتقۇزاتتىم. بەزىدە دەرس مەزمۇنىغا مۇنا-
سىۋەتلىك قىزىقارلىق ۋە قىسقا بىرەر بالىلار
ھىكايىسىنى ئېيتىپ بېرەتتىم. بۇنداق كوڭۇللۇك
قىسقا مەشغۇلاتلاردىن كېيىنكى بالىلارنىڭ كەي-
پىياتى ۋە دەرسنىڭ داۋامىغا بولغان دىققىتى
ئالاھىدە ياخشى بولاتتى. بۇنداق مەشغۇلاتلار-
دىن بەزىلىرىنى ھازىرقى ئوقۇغۇچىلىرىم ئىچى-
دىمۇ بەزىدە قوللىنىپ، ياخشى ئۈنۈمىنى كورۇ-
ۋاتىمەن. بۇ شەكىللەرنى قوللانغاندا، ئوقۇغۇ-




# ئۆيۈلۈش توغرىسىدا

ھابىل مەخسۇت

ئىنسانلار ۋە ئۇلارنىڭ ياش بوغۇنلىرىدا "ئۆيۈلۈش" پەزىلىتى بولىدۇ. ئۆيۈلۈشنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققى قىلىپ كامالەتكە يېتىشى ياكى سۇسلىشىپ يوقىلىشىغا قاراپ يۈزلىنىشى تەلىم - تەربىيە مۇھىتى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئادەمدە ئۆيۈلۈشنىڭ مەۋجۇت بولۇش - بولماسلىقى تەسادىپى ھادىسە ئەمەس.

ئۆيۈلۈش بىرخىل پسىخىك ھالەت بولۇپ، ئىنساننىڭ ئاڭلىق ھەركەت جەريانلىرى — ئىجتىمائىي، مەنىۋى، ئىستېتىك ۋە بىلىش قاتارلىق پسىخىك ھادىسىلىرى بىلەن بىرگە قوشۇلۇپ تەرەققى قىلىدۇ. ئۆيۈلۈشنى ئۇزۇق تەلەپ قىلىش، ئۆزىنى قوغداش، نەسىل قالدۇرۇش قاتارلىق ئورگانىك ئېھتىياجلاردىن ئايرىپ قاراش ۋە ئۇنى ئاڭغا باغلاپ چۈشىنىش مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرىدۇ.

بالا تۇغۇلۇپ بىر نەچچە ئاي ئىچىدە ئۇنىڭدا ئادەم ئېڭىغا خاس پسىخىك ھادىسىلەر ناھايىتى تېز تەرەققى قىلىشقا باشلايدۇ. بالا ئۈچ ياشقا يەتكەندە ئۆيۈلۈش تۇيغۇسى ئالاھىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئانا بالىدىكى بۇنداق روھىي پەزىلەتنى قەدىرلەپ "ئۆيۈلۈپ كەتتى"، "تارتىنچاق بالا بولدى" دېگەن ئەكىلەتمە سۆزلەر ئارقىلىق مەمنۇنلۇقنى بىلدۈرىدۇ. بالىدىكى ئۆيۈلۈش ئىپادىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان قىلىقلار ئانىغا بالىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ كورسىتىپ، زوقىنى ئاشۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئانا بولغۇچى ئۆيۈلۈشتىن ئىبارەت بۇ پسىخىك ھادىسىنى ئەزىزلەپ ئوستۇرۇشكە تىرىشىدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. مەكتەپ يېشىغىچە بولغان دەۋرنىڭ ھەربىر باسقۇچلىرىدا بالا ئۆيۈلۈشنى چوڭلارغا تەقلىت قىلىپمۇ ئۆگىنىدۇ. لېكىن مەكتەپ تەربىيە مۇھىتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۆيۈلۈشنى ئاڭلىق چۈشىنىش تەرەپكە ئۆتىدۇ.

---

چىلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش، دىققىتىنى جەلپ قىلىش، دەرس مەزمۇنىنى ئۇنۇملۇك يەتكۈزۈشكە پايدىلىق بولۇشنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك، ھەرگىز مەقسەتسىز ھالدا قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئىشلەشكە بولمايدۇ.

ئۇندىن باشقا، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئوزىنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە جانلىق ئىشلىتىش لازىم. قىسقىسى، بالىلارنىڭ دەرسخانىدىكى دىققىتىنى ئۇيۇشتۇرۇش — مېنىڭچە ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئىنچىكە ئىش. بۇنىڭدا ئوزگەرمەس بىر شەكىل يوق، پەقەت ئوقۇتقۇچىنىڭ مېڭە ئىشلىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تايىنىشقىلا توغرا كېلىدۇ. زىددىيەت ۋە ئۇنى ھەل قىلىش كورىشى توگىمەيدۇ، كونا مەسىلىلەر ھەل قىلىنسا يېڭى مەسىلىلەر چىقىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى. شۇڭا يېڭى ئوقۇتقۇچىلارلا ئەمەس، بەلكى كونا ئوقۇتقۇچىلارمۇ بۇ جەھەتتە ئىزدىنىشى ۋە تەتقىق قىلىشى، يېڭى دەرسكە يېڭىچە تەييارلىق قىلىپ، ئوزلۇكسىز ھالدا يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى كېرەك.

ئۆيۈلۈش — ئىنساننىڭ پسىخىك جەريانلىرىدا ھىسسىيات كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان روھىي ھادىسە. ئادەمنىڭ ئۆزىدە يېقىمسىز كەچۈرمىلەر يۈز بەرگەندە تۇغۇلىدىغان ھىستۇر.

ئىنساندا تۇغۇلىدىغان ئۆيۈلۈش ھىسسىنىڭ ئۆزى ئىجتىمائىي ئەھمىيەتلىرى جەھەتتىن ئىجابىي ۋە سەلبىي بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. ئۆيۈلۈشقا شەخسىي نۇقتىنەزەردىن بېرىلىدىغان باھا بىلەن ئىجتىمائىي نۇقتىنەزەردىن بېرىلىدىغان باھا ھەمىشەم بىر-بىرىگە مۇۋاپىق بولۇۋەرمەيدۇ. سۇبيېكتىپ رەۋىشتە يېقىمسىز، كىشىنى رەنجىتىدىغان كەچۈرمىلەر تەرىقىسىدىكى بىرمۇنچە ئۆيۈلۈشلار ئىجتىمائىي نۇقتىنەزەردىن قارىغاندا ئىجابىي بولۇپ چىقىشى مۇمكىن.

ئۇسمۇرلەردە ئاتا-ئانىغا، ئۇستازلارغا ياكى چوڭلارغا بىرەر مەسىلە ئۈستىدە قىزىققانلىق بىلەن قارشى پىكىر بېرىپ قويغانلىق سەۋەبىدىن ئۆيۈلۈش پەيدا بولغان بولۇپ، كۆڭلىدە بىر مەزگىل ناخۇش سەزگۈ تۇغۇلغان بولسا، ھەم بۇ پىكىر ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى جەھەتتىن توغرا بولۇپ ھىساپلانسا، بۇنداق ئۆيۈلۈشنى سەلبىي دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئاتا-ئانىسىنى، چوڭلارنى، ئۇستازىنى، دوستلىرىنى ئالداپ قويغانلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان ئۆيۈلۈش ھىسسى شۇ ئۇسمۇر ئۈچۈن سەلبىي خىسلەت بولۇپ سانىلىدۇ.

ئۆيۈلۈش ھىسسىغا ئەڭ مۇھىمى يۈكسەك غايىۋىلىك ۋە پرىنسىپاللىقنى ئاساس قىلىش، ئەخلاقىي پرىنسىپلار جەھەتتە كوممۇنىستىك كۆز قاراشنى يادرو قىلىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي نۇقتىنەزەر بويىچە باھا بېرىش كېرەك.

ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا ئەخلاق پرىنسىپلىرى ۋە قائىدىلىرىنىڭ بۇزۇلغانلىقى، ئەخلاقىي بۇرچى ۋە جەمئىيەت ئالدىدىكى ۋەزىپىلىرىنىڭ بېجىرىلمەي قېلىشى كىشىدە ئادەتتە ئۆيۈلۈش ھىسسى ۋە ۋىجدان ئازاۋىغا ئوخشاش كەچۈرمىلەرنىڭ تۇغۇلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. مەكتەپ شارائىتىدا ئۇسمۇرلەر ئۈچۈن ئوقۇش ۋە تەربىيىدە ئەلا نەتىجىگە ئىگە بولۇش ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئىجتىمائىي بۇرچى ھىساپلىنىدۇ. بۇ مۇھىم بۇرچنى تولۇق ئادا قىلالمىغاندا، ئۆيۈلۈش ھىسسى پەيدا بولۇپ، ئۆزىدە ئالاھىدە ئوڭايسىزلىق، يۈزى كېتىش سېزىلىدۇ. بۇ ھىسنى كېچىرىۋاتقاندا، ئاتا-ئانا، چوڭلار، ئۇرۇق-تۇققانلار، دوست-بۇرادەرلىرىنى كۆرگەندە يۈزى قىزىرىپ تىكىلىپ قارىيالمايدۇ. بۇنداق ئۆيۈلۈش ئىجابىي پەزىلەت ھىساپلىنىپ، ئۇ كىشىنىڭ مەنىۋى سەزگۈرلىكىنى كۈچەيتىشى ۋە ئۇنى ناتوغرا ئىشلاردىن چەتلەشكە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. ئۆيۈلۈش ھىسسى كىشىنىڭ مەنىۋى سەزگۈرلىكىنى كۈچەيتكەندە، بۇنداق سەزگۈ ئەخلاققا خىلاپ ئىشلارنى قىلىشتىن كۈچلۈك چەتلەشتۈرىدۇ.

ئادەمنىڭ مەنىۋى سەزگۈرلىكى بولۇپمۇ ۋىجدان ھىسسىدا يارقىن نامايان بولىدۇ. ۋىجدان ھىسسى، ۋىجدان ئازاۋى، ئۇيات قاتارلىق پسىخىك ھادىسىلەر كىشى ئۆزىنىڭ ناھەقلىقىنى، ئۆز نىيىتى ۋە قىلىۋاتقان ناچار ھەركىتى ئۈچۈن جەمئىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى بىلگەنلىكى ۋە چۈشەنگەنلىكىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىپادىسىدۇر.

ئاڭدا ئۆيۈلۈش ھىسسى ۋىجدان دەرىجىسىگە كۆتىرىلگەندە ھىسنىڭ تۇرغۇنلىقى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇزۇلمايدۇ، بەلكى كۈچىيىدۇ. ئادەمنىڭ ئېڭىدا كەسكىن كۈرەش داۋام قىلىدۇ، ئادەتتە ئۆزىنىڭ قىلىپ قويغان ناچار ئىشلىرىنى تۈزەتمىگىچە خاتىرجەم بولالمايدۇ. مەسىلىنى تۈزەتكەندىن كېيىن ۋىجدان تىنچلىنىشى پەيدا بولۇپ، ئۆزىدىن مەمنۇن بولۇش ھوزۇرى پەيدا بولىدۇ. ئادەم روھىدىكى بۇ ھالەت ۋىجدان ئازاۋىنىڭ ئورنىنى ئىگەللەيدۇ.

چوڭلار بىلەن ئوسمۈرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائى مۇناسىۋەت، ئىجتىمائى ئادەت ۋە ئىجتىمائى ئەخلاق شەكىللىرى چوڭلارنىڭ باللارغا كۆيۈنىشى، ئاسرىشى، غەمخورلۇق قىلىشى، كىچىكلەرنىڭ بولسا، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىشى ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئوسمۈرلەردىكى بۇنداق مەزمۇنغا ئىگە ئۈيۈلۈش ئۇلارنىڭ گۆزەللىككە ئالاھىدە ھەۋەس قوشىدۇ.

ئۈيۈلۈش ئوسمۈرلەرنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىغىمۇ ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاڭ قانچە تۆۋەن، ئەقىل قانچە ئاجىز بولسا، ئۈيۈلۈشنىڭ سۈپەت دەرىجىسىمۇ شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۈيۈلۈش بەزى ھاللاردا تارتىنىش بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىپ، ئىجتىمائى ئىشلاردا سەلبىي رول ئوينايدۇ. تارتىنىش ياكى ئىزا تارتىش سەۋەبىدىن ئوسمۈرلەر ئۆزىدە بار يوشۇرۇن تالانتنى ئاشكارە ۋۇجۇتقا چىقىرالمايدۇ. بەزى ئوسمۈرلەردە ناخشا ئېيتىشقا ئوخشاش سەنئەت قابىلىيىتى بولسىمۇ كىشىلەر ئالدىدا ئاۋازىنى چىقىرالمايدۇ. دەرىستە سۆزلەنگەن مەزمۇنلارنى تولۇق چۈشىنىپ تۇرۇپمۇ سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۈيۈلۈشتىكى مۇنداق سەلبىيلىكنى تەربىيە جەريانىدا يېڭىش لازىم.

ئوسمۈرلەرگە قارىتىلغان "يۈزى قېلىن" سۆزى ئۇنى تىللاش، سۆكۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق تىللاش تىل يېگۈچىدە يىرگىنىش، نەپرەت ۋە غەزەپ تۇيغۇسىنى قوزغىتىدۇ؛ ئۇياتچان، نومۇسچان، ۋىجدانلىق دېگەن سۆزلەر سۆيۈنۈشنى تۇغدۇرىدۇ.

ئۈيۈلۈش ھېسسى ئومۇمەن، ئوسمۈرلەرنىڭ گۆزەللىك خىسلەتلىرى جۈملىسىگە كىرىدۇ.

ئۈيۈلۈش ھېسسى كىشىنىڭ باتۇرلۇق، قەيسەرلىك ۋە مەردانىلىقتەك خاراكتېر، خىسلەتلىرىگە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ دەپ قاراشنىڭ ئەمەلىي ئاساسى يوق. ئۈيۈلۈش ئىنسانى ئەخلاققا زىچ باغلىنىشلىق بولغىنى ئۈچۈن، ۋاقتى كەلگەندە ئۇياتچان ئادەم ۋەتەن، پارتىيە، خەلق ئالدىدا قۇربان بولۇشقا ھەر دائىم تەييار تۇرالايدۇ. ھەل قىلغۇچ پەيتلەردە دۈشمەنگە تىغمۇ-تىغ تاقابىل تۇرالايدۇ، خەلق ئالدىدا ئۈيۈلۈشتىن ئۆلۈمنى ئارتۇق كۆرىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەر شائىر ل. مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاپ» ناملىق شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۈيۈلۈش توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىز تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ:

"ئۆلۈم، پەستە قىلىش كۆرەشنىڭ داۋانلىق تېغىدا"، "يىللار مەيدەمنى كېرىپ قاقاخلاپ كۈلمە، ئالدىمدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى." بۇ خەلق پەرزەندى ئۆزى ئېيتقان ئۇلۇق ئىرادىسىنى دۈشمەن بىلەن بولغان كەسكىن، ئوتلۇق كۆرەشتە ئادا قىلدى. دۈشمەن تەھدىدى ئالدىدا تەسلىم بولۇش، ئۆز خەلقى ئالدىدا ئۈيۈلۈپ قىزىرىشتىن كۆرە ئۆلۈمنى ئەلا بىلدى ۋە دېگىنىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇ خىسلەت شائىرنىڭ بۈيۈك گۆزەللىكى — ئالىجاناپ پەزىلىتىدۇر.

ئىجتىمائى ئەخلاق پىرىنسىپلىرىنى ئادا قىلىشنى شەرەپ، ئۇنى بۇزۇشنى بولسا نومۇس دەپ بىلمىگەندە، ئەخلاققا خىلاپ ئىش-ھەرىكەتتە بولۇشتىن ئۇيالمىغاندا، ئەدەپلىك بولۇش، پاكىز بولۇش ۋە مۇھىتى گۈزەل بولۇشتەك ئىسىل پەزىلەتلەرنى ئىزچىل بىجا قىلىشقا تولۇق كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇش

# ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىپ، داشۆي سەۋىيىسىگە يەتكەن تىرىشچان باغۋەن

— يولداش خۇدۇيۇمبەردى مەسۇم توغرىسىدا

ئىسلام سادىق

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بۇ مەكتەپنىڭ پىشقەدەم تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، ۋىلايەتلىك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش سېپىدىكى قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىنىڭ ۋەكىلى يولداش خۇدۇيۇمبەردىنى "ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىپ، داشۆي سەۋىيىسىگە يەتكەن تىرىشچان باغۋەن" دەپ تەرىپلىشىدۇ.

يولداش خۇدۇيۇمبەردى مەسۇم 1956 - يىلى ئاقسۇ تولۇقسىز سىفەنىنى پۈتتۈرۈپ، كەلپىن ناھىيىسى «توققۇز گۇمبەز»دە ئوقۇتقۇچى بولغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە توپ - توغرا 28 يىل ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇ دەسلەپ ئوقۇتقۇچى بولغاندا، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2 - ، 3 - يىللىقلىرىغا دەرس بېرەلەيتتى. ھازىر داشۆي سەۋىيىسىگە يېتىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرىغا بىمالال دەرس بېرەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتتى.

ئۇ قانداق قىلىپ داشۆي سەۋىيىسىدىكى لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچى بولالىدى؟ دەۋرىمىزنىڭ مائارىپتىن كۈتكەن ئۈمىدى، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ يارامىلىق قۇرۇلۇش خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش ئېھتىياجى ئۇنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئۆزلۈكسىز قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش روھىغا ناھايىتى زور ئىلھام بەردى. ئۇ ئوقۇتۇش خىزمىتى داۋامىدا ئۆزىنىڭ تېخى "يېرىم چىلەك سۇ" ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ دەسلەپ قارا چىراقنىڭ يورۇقىدا، كېيىنچە لامپۇچكا يورۇقىدا كېچە - كېچىلەپ ئولتۇرۇپ بىلىم ئاشۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئىشنى ئالدى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى پىششىق ئىگىلەشتىن باشلاپ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى، ھەم ئاساسىنى پۇختىلاش، ھەم بىلىمنىڭ سىستېمىلىق چوڭقۇرلىشىشىغا ئەھمىيەت بېرىش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى پۇختا ئىگىلەش ئاساسىدا ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى ئۆگىنىشنى باشلىۋەتتى. 1978 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ رادىيو سىفەن داشۆيىسىنىڭ تىل - ئەدەبىيات مەخسۇس كەسپىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى. ئاڭلاش بىلەن دەرسلىك ماتېرىياللىرىدىن پىلانلىق پايدىلىنىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ خاتىرە قالدۇردى، قەرەللىك تەكرارلاپ تۇردى. 1981 - يىل 7 - ئايدا بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، رادىيو سىفەن داشۆيىسىنى ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتتۈردى ھەمدە گۇۋاھنامە ئالدى.

"پىچاق بىلىگەنسېرى ئۆتكۈرلىشىدۇ" دېگەندەك ئۇنىڭ بىلىم تەشنالىقى توختاپ قالمىدى. ئۆگەنگەنسېرى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەشنى نىشانلىدى. ئۇ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلماي نېمە ئېھتىياجلىق بولسا شۇنى ئۆگەندى، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودىكىسى،

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فورمال لوگىكا قاتارلىقلارغا ئائىت نەزىرىيىۋى بىلىملەرنى قايتا - قايتا ئۆگەندى. تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ كەسپىي ئۆگىنىشىگە تولۇق قاتنىشىپ، يېزىقچىلىق بىلىمى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئىستىلىستىكا ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى تېخىمۇ بېيىتتى، ئۇندىن باشقا يەنە پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە بىلىملىرىنى ئىنتايىن زور قىزىقىش بىلەن ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە تەدبىقلىدى. ئۆگەنگەنسېرى بىلىمنىڭ لەززىتىدىن ھوزۇرلاندى. تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشنىڭ مەقسىدى ھەم ۋەزىپىسى توغرىسىدا بارغانسېرى چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسىگە بولغان قىزىقىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۇستۇرۇش يۈزىسىدىن دەرسنى پۇختا، ئەستايىدىل تەييارلاپ، ئوبيكتقا قاراپ دەرس ئۆتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى، ياش ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈردى. دەرسنىڭ جانلىق، قىزىقارلىق، چۈشۈنۈشلۈك بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى. ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا سىستېمىلىق بىلىم بېرىشكە تىرىشتى. تېكىستلەرنى ئوقۇتقاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغىتىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىشنى يولغا قويۇپ، "قىيىن ئۆتكەللەر"گە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 1 - يىللىقلىرىنىڭ 1 - قىسىم كىتاۋىدا ئارۇز ۋەزنى، ئۇيغۇر مىللى شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسى، فورمال لوگىكا قاتارلىق ئۈچ نەزىرىيىۋى بىلىم بار، ئارۇز ۋەزنى 1 - قىسىم كىتابنىڭ قىيىن نۇقتىسى. ئۇ ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بوغۇملىرىنى ئېنىق چۈشەندۈرگەندىن باشقا، ئارۇز ۋەزنىدە بەزى قىسقا بوغۇملارنىڭ بوغۇملاردىكى ئورغۇ ۋە ئارۇز ۋەزنىنىڭ خۇسۇسىيىتى تۈپەيلىدىن ئۇزۇن بوغۇم بولۇپ كېلىشى ھەققىدىكى قانۇنىيەتلەرنى چۈشەندۈردى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزىرىيىۋى سەۋىيىسىنى ئۇستۇرۇپلا قالماستىن، بىلىمنىڭ ئىقتىدارغا ئايلىنىشىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، يېزىقچىلىق مەشىقىنى پىلانلىق، مەقسەتلىك ۋە باسقۇچلۇق ئۇيۇشتۇرۇشقا، ئۈلگە كورسىتىشكە ئېتىۋار بەردى. مەشىق شەكىللىرىنىڭ خىلمۇ - خىللىقىغا دىققەت قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق سەۋىيىسىنى ئۇستۈردى. نەتىجىدە، ئۇ باشقۇرغان ئىجادىيەت گۇرۇپپىسىدىكى ئوقۇغۇچىلار بۇ ئوقۇش يىلىنىڭ بىرىنچى مەۋسۇمىدىلا 102 پارچە ھەرخىل ژانىردىكى مەشىق ماقالىلىرىنى يېزىپ چىقتى. 1981 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ باشقۇرغان سىنىپتىن 40 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرۈش لاياقىتىگە ئېرىشىپ، ئۇنىڭدىن 25 ئوقۇغۇچى يۇقۇرى مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىندى.

يولداش خۇدۇيۇمبەردى مەسۇم كوپ يىللاردىن بېرى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلىغىنى ئىشلەپ كەلدى. ئۇ بۇ جەرياندا، ئىشنى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى ئاجىز ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، نۇتۇق قابىلىيىتىنى ئۇستۇرۇشتىن باشلاپ، ئالدى بىلەن ئۆزى سىناق قىلدى، ئاندىن كېيىن ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدا كېڭەيتتى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بېرى، ئۇ تەكرار - تەكرار تەجرىبە دەرسى ئۆتكۈزۈش، ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدا مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق تېكىست ئوقۇتۇشتا "ئوقۇغۇچىنى بەشتە ئالدى بىلەن سوزلىتىش"، يەنى قايتا بايان قىلىشتا ئالدى بىلەن سوزلىتىش، ئوبرازنى ئالدى بىلەن تەھلىل قىلدۇرۇش، بەدىئى ئالاھىدىلىكىنى ئالدى بىلەن ئېنىقلىۋېلىشقا قوزغىتىش، باش تېمىنى ئالدى بىلەن يەكۈنلىتىش، تېمىنى ئالدى بىلەن تەھلىل قىلدۇرۇش تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ

( ئاخىرى 57 - بەتتە )

# بىز ئىشتىن سىرتقى كەسپىي ئۆگىنىشنى قانداق ئېلىپ باردۇق

مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمى

(قەشقەر 6 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە بىر تۈركۈم بىلىملىك، تەجرىبىلىك، قابىلىيەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش تەتقىقاتى گۇرۇپپىمىزدا 16 نەپەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ 9 نەپىرى ئالىي مەكتەپنى، 7 نەپىرى تولۇق ئوتتۇرا ۋە دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىنى تۈگەتكەن. ئۇلارنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى، ئوقۇتۇش تەجرىبىسى، بىلىم سەۋىيىسى ئوخشاش ئەمەس. بىز مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى ۋە مەمۇرىيىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، ھەرخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئىشتىن سىرتقى بىلىم ئاشۇرۇشنى يولغا قويدۇق: ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلىش، نېمە كەم بولسا شۇنى تولۇقلاش، نۆۋەتتىكى ئېھتىياج بىلەن يىراق كەلگۈسى ئېھتىياجنى بىرلەشتۈرۈش، كەسپىي ئۆگىنىشنى دەرسلىك بىلەن ماسلاشتۇرۇش؛ بىلىم ئاشۇرۇش نىشانىسى جەھەتتە ئالىي مەكتەپ ۋە ئالىي تېخنىكوم سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش؛ ئۇسۇل جەھەتتە كوللېكتىپ ئۆگىنىش بىلەن شەخسىي ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈش؛ كەسپىي جەھەتتە ئۆزى بېرىۋاتقان دەرسكە ئالاقىدار ماتېرىياللارنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلدۇق.

ئۆگىنىش ئەھۋالىمىز مۇنداق بولدى:

1. رادىيو سىفەن داشۆې لېكسىيىسىنى ئاڭلاش. بىزنىڭ ئىشتىن سىرتقى بىلىم ئاشۇرۇش ئۆگىنىشىمىز 1978 - يىلدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ رادىيو سىفەن داشۆېسىنىڭ لېكسىيىسىنى ئاڭلاشتىن باشلاندى. مەكتەپ رەھبەرلىكى بىر دانە رادىيو پىرىيومنىك ۋە بىر دانە ئۈنئالغۇنى ئوقۇتۇش گۇرۇپپىمىزنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىپ بەردى؛ رادىيو لېكسىيىسى ۋاقتىدا ئوقۇتقۇچىلارنى باشقا پائالىيەتلەرگە ئۇيۇشتۇرمىدى. بىز ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئەھۋالدا كوللېكتىپ دەرس ئاڭلىدۇق؛ ئىمكانىيەت بولماي قالغاندا لېكسىيىنى ئۈنئالغۇغا خاتىرىلەپ قويۇپ، كېيىنكى پائالىيەت ۋاقتىدا ئاڭلىدۇق. ئوقۇتقۇچىلار «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۈنئالغۇدىن ئاڭلاش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى خاتىرە يازدى. ئوقۇتۇش گۇرۇپپىمىز ۋىلايەتلىك بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىۋى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئەشۇ لېكسىيەلەرنىڭ كىتاۋىنى سېتىۋېلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بەردى. بۇخىل ئۆگىنىشنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە زور ياردىمى بولغانلىقىنى ھېس قىلغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى يەنىمۇ ئاشتى.

2. بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىۋى ئۇيۇشتۇرغان ئۆگىنىشكە قاتنىشىش. 1978 - يىلى قەشقەر شەھەرلىك بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىۋى لوگىكا دەرسى بويىچە بىر يىللىق ئۆگىنىش كۇرسى

ئاچقاندا، كۆرۈپپىمىزدىكى ھەممەيلەن بۇ ئۇگىنىشكە قاتنىشىپ دەرس ئاڭلىدۇق. يىل ئاخىرىدىكى ئىمتىھاندا كۆرۈپپىمىزدىكى يولداشلارنىڭ ئومۇمى نەتىجىسى 98 پىرسەنتكە يېتىپ، شەھەر بويىچە ئالاھىدە ياخشى ئۆگەنگەن ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

3 . ئۆز ئىچىدىن ئوقۇتقۇچى بەلگىلەپ، ئۆز ئورنىدا ئۆگىنىش. 1979 - يىلى باشلانغان بېيجىڭ سىفەن داشۆې تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «يېزىقچىلىق ساۋادى»، «ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىدىكى چەتئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشتە، ئوقۇتۇش كۆرۈپپىمىزدىكى بىر نەپەر يولداشنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ئۆگەندۇق. 1981 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئوقۇتۇش كۆرۈپپىمىزدىكى مەلۇم بىر يولداش «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دىن دەرس ئۆتۈپ بېرىۋاتىدۇ.

4. ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ ئۆگىنىش. ئوقۇتۇش كۆرۈپپىمىزدىكى پىشقەدەم يولداشلار ياش يولداشلارنى شاگىرت تۇتۇپ، ئۇلارغا ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئاساس بىلىم ۋە قىيىن نۇقتىلار ئۈستىدە تولۇقلاپ دەرس ئۆتۈپ بەردى. يېڭى يولداشلار تولاراق گىراماتىكا دەرسىدە قىيىنچىلىق ھىس قىلاتتى. پىشقەدەم يولداشلار ئۇلارغا گىراماتىكا دەرسىدىن ئاساسىي قائىدىلەرنى، شۇنىڭدەك بەزى قائىدىلەرنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇلۇشى ئۈستىدە دەرس ئۆتۈپ بەردى. نەتىجىدە يېڭى يولداشلارگىراماتىكا دەرسىنى بېرىشتىن ئۆزىنى تارتىش ئەھۋاللىرى ئۆزگەردى.

5 . ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش. ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش دائىم قوللىنىلىدىغان ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، يولداشلاردىمۇ پىلان بولۇشىنى، خاتىرە بولۇشىنى تەلەپ قىلدۇق. مەكتەپ رەھبەرلىكى بارلىق ئىمكانىيەت بىلەن بىزنى قوللاپ، تىل - ئەدەبىيات ئاساس بىلىملىرىگە دائىر ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بېرىشىمىزنى تەستىقلىدى. ماتېرىياللار بىلەن تولۇق قوراللانغان ئوقۇتقۇچىلار تىرىشچانلىق كورسىتىپ، ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشتە كورۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

6 . خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ ئۆگىنىش. بىز يۇقۇرى دەرىجىلىك مەكتەپلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ياش ۋە يېڭى ئوقۇتقۇچىلارنى خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ ئۆگىنىشكە ئەۋەتتۇق. 1981 - يىلى بىر نەپەر ياش ئوقۇتقۇچى قەشقەر سىفەن شۆيۈەنىگە بېرىپ، ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىغا دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئىمتىھاندا ياخشى نەتىجە قازىنىپ قايتىپ كەلدى، يەنە بىر نەپەر يېڭى ئوقۇتقۇچى شىنجاڭ سىفەن داشۆىگە بېرىپ، يېرىم يىل بىلىم ئاشۇرۇپ كەلدى. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا كورۈنەرلىك رول ئوينىدى.

7 . دەرسلىكنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۆگىنىش. ھازىر مەكتىۋىمىزدە قوللىنىلىۋاتقان تىل ۋە ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە تەلىۋى يۇقۇرى بولۇپ، ئۇنىڭدا مىللى تىل، ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. لېكىن پايدىلىنىدىغان سىستېمىلىق ماتېرىيال كەمچىل بولغانلىقتىن، دەرس تەتقىقاتىنى چىڭ تۇتۇشىمىزغا توغرا كەلدى. بۇنىڭدىكى ئەڭ ياخشى چارە — دەرس تەييارلىقىنى پۇختا قىلىش ۋە ئۇنى كوللىكتىپ تەستىقلاش بولدى. ھەر ھەپتىدىكى پائالىيەت كۈنىدە ھەر قايسى يىللىقلاردىن بىردىن ئوقۇتقۇچى ئوخشاش بولمىغان دەرسلىكلەر ئاساسىدا تەييارلانغان تەييارلىقنى ۋە سائەتلىك ئوقۇتۇش پىلانىنى گۆرۈپپىدىكى بارلىق يولداشلارنىڭ ئالدىدا تونۇشتۇرىدۇ. باشقا يولداشلار ئۇنى ئاڭلاپ، بۇ ھەقتە پىكىر بېرىدۇ؛ ئاخىرىدا گۇرۇپپا مەسئۇلى ئىمزا قويۇپ، رەسمىيەت بېجىرىدۇ. 4 يىلدىن بۇيان داۋاملىشىۋاتقان مۇشۇ چارە ئارقىلىق يولداشلارنىڭ دەرسنى كوڭۈل قويۇپ تەييارلىشى، تەتقىق قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

# ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرنەچچە نۇقتا

ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىش جەريانىدا "4 بولۇش، 3 بىر" دىن ئىبارەت قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىش لازىم. "4 بولۇش" دېگىنىمىز: تەشەببۇسكارلىقى بولۇش. يەنى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى تولۇق قوزغاش، ئاساسەن ئۆزىگە تايىنىش. جاپا - مۇشەققەتلىكلىكى بولۇش. ئۆزلىگىدىن ئۆگەنگۈچىلەر قىيىنچىلىقتا ئۇچراش بىلەنلا ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكى لازىم. ئۈزلۈكسىزلىكى بولۇش. بىردە قىزىپ، بىردە سوۋۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. مەقسەتلىكلىكى بولۇش. بۇنىڭدا ئىككى مەزمۇن بار: بىرى مەملىكەت خاراكتېرلىق مەقسەت، يەنە بىرى شەخسىي خاراكتېرلىق مەقسەت. شەخسىي ھەۋەسنى ئېتىراپ قىلماسلىق ئىلمىيلىك ئەمەس.

"3 بىر" دېگىنىمىز: "بىردە ئىزچىل بولۇش". يەنى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ماددا نىسبىي بولماستىن، بەلكى مۇتلەقتۇر. "بىر خىل كەسىپتە كامالەتكە يېتىش، باشقا كۆپ خىل ئىشلارنىمۇ ئىشلىيەلەيدىغان بولۇش". مەيلى قانداق بولمىسۇن، بىلىم دائىرىسى كەڭ بولۇشى، تەبىئىي پەن ئۆگەنگەنلەر بەلگىلىك دەرىجىدە ئەدەبىي، تارىخىي، پەلسەپىۋى بىلىملەرگە ئىگە بولۇشى، ئىجتىمائىي پەن ئۆگەنگەنلەر بەلگىلىك دەرىجىدە تەبىئىي پەن بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشى لازىم. "بىر ئىزدا توختاپ قالماي ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەش". قېرىغانغا قەدەر ئۆگىنىش كېرەك. كۇڭزى 70 ياشقا كىرگەندىمۇ يەنىلا: "ئەگەر مەن يەنە بىرنەچچە يىل كىتاب ئوقۇيالىسام، چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن بولاتتىم" دېگەن. كىشىنىڭ ھاياتى چەكلىك، بىلىم چەكسىز بولىدۇ، ئەگەر يۇقىرىدا ئېيتقان "4 بولۇش، 3 بىر" گە ھەقىقىي ئەمەل قىلىدىغان بولساق، "چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن" بولىمىز.

(«نۇر گېزىتى» نىڭ 9183 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى).

---

8 . ئۆلگە كۆرسىتىشكە رىغبەتلەندۈرۈش. تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا ئوقۇتقۇچىنىڭ يالغۇز نەزەرىيىگە پىششىق بولۇشى بىلەنلا قالماي، بەلكى ئاساسىي ماھارەت جەھەتتە ئوقۇغۇچىلارغا ئۆلگە كۆرسىتىپ بېرىشىمۇ مۇھىم. ئوقۇتۇش گۇرۇپپىمىزدا جامائەتچىلىككە تونۇلغان قەلەم ئىگىلىرىمۇ، ياش ھەۋەسكارلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ۋە ئىزدىنىشلىرى ئۈنۈملۈك بولماقتا. ئۇلار ھەر قېتىم يېزىقچىلىق مەشقى ئېلىپ بېرىشتا قانداق مەزمۇن ۋە قانداق شەكىلدە مەشىق قىلدۇرۇشقا توغرا كەلسە، شۇ نەرسىنى ئاۋۋال ئۆزى يېزىپ چىقىش، سىنىپ ئىچىدە ئوقۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۆلگە كۆرسىتىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى يولداشلار دەرسلىكتىكى ھەر خىل كىلاسسىك ئەسەرلەردە ئۇچرايدىغان (چۈشىنىش قىيىن بولغان) بىر نەچچە مىڭ سۆزلۈكنى توپلاپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا تەقدىم قىلغان ئىدى؛ بۇنىڭمۇ خېلى چوڭ پايدىسى بولدى.

ئىشتىن سىرتقى بىلىم ئاشۇرۇش ئۆگىنىشىمىزنىڭ ئۈنۈملۈك داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خىزمەت باھالاشتا ھەربىر كىشىنىڭ كەسپىي ئۆگىنىش ئەھۋالى مۇھىم بىر شەرت قىلىندى. ئۆگىنىشتىكى ئۇسۇل مۇۋاپىق، تۈزۈم چىڭ، تەدبىر ياخشى بولغاچقا، نەتىجە كۆرۈنەرلىك بولدى. 1981 - يىلى ۋىلايەت بويىچە چاقىرىلغان بىلىم ئاشۇرۇش يىغىنىدا بىزنىڭ ئوقۇتۇش گۇرۇپپىمىز ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

# ئوقۇتقۇچىلارنى "ئىككى ئوتكەل" دىن ئوتكۈزۈش تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى

ئۈرۈمچى شەھەر تيانشان رايونلۇق ماتارىپ بولۇمىنىڭ مىللى ماتارىپنىڭ سۈپىتىنى ئۈستۈرۈش، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىغا ئاساس يارىتىش يۈزىسىدىن ئۇيۇشتۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنى "ئىككى ئوتكەل" دىن ئوتكۈزۈش تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى 1983 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۇنى باشلىنىپ 5 - ئاينىڭ 31 - كۇنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى. بۇ قېتىمقى كۇرسقا تيانشان رايونىغا قاراشلىق مەكتەپلەردىن باشقا، شەھەرگە قاراشلىق باشقا رايون ھەم زاۋۇت - كانلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئىلمىي مۇدىرلىرىدىن بولۇپ جەمى 30 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. بۇ قېتىمقى كۇرسنىڭ ئاساسىي مەقسىدى باشلانغۇچ مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنى دەرسلىك ئوتكىلى ۋە مېتودىكا ئوتكىلىدىن ئوتكۈزۈش تايانچىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىشتىن ئىبارەت بولدى.

بۇ قېتىمقى كۇرستا كۇرسانتلار باشلانغۇچ مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پۇروگىراممىسى ۋە دەرسلىكلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ۋە كورۇپ چىقتى. ئۇندىن باشقا ھەر بىر قىسىم دەرسلىك ئايرىم - ئايرىم تەھلىل قىلىپ بېرىلدى. ئوقۇتۇش مېتودىكىسى دەرس قىلىپ ئوتۇلدى. گىرامماتىكا ئوقۇتۇشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات دەرسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىمۇ لېكسىيە سوزلەندى.

بۇ قېتىمقى كۇرس جەريانىدا كۇرسانتلار بىرىنچىدىن، پۇروگىراممىنىڭ ئومۇمى تەلىۋىنى ھەم ھەرقايسى يىللىقلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ 4 خىل ئىقتىدارىنى يېتىشتۇرۇش ھەققىدىكى كونكرېت تەلەپلەرنى ئۆگىنىپ ئىگەللىدى. ئىككىنچىدىن، 10 قىسىم ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ تۈزۈلۈشى، مەزمۇنى ۋە ئوقۇتۇش تەلەپلىرىنى ئۆگىنىپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى كەڭ تۈردە مۇزاكىرە قىلدى. ئۈچىنچىدىن، گىرامماتىكا ئوقۇتۇشنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل ۋە يېزىقنى توغرا ئۆگىنىشى، توغرا ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتى كەڭ تۈردە مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. تۆتىنچىدىن، ھەربىر كىشى ئۆز مەكتىۋىدىكى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى سوزلەش ئارقىلىق تەجرىبە ئالماشتۇرۇلدى.

كۇرس ئاخىرىدا پۇروگىرامما، دەرسلىك تەھلىلى ۋە ئوقۇتۇش مېتودىكىسىدىن ئىمتىھان ئېلىنىپ گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلدى.

كۇرسانتلار ئۆز تەسىراتلىرىنى سوزلىگەندە: "بىز مەكتەپتىكى ۋاقتىمىزدا دەرسلىكلەرنى بۇنچىلىك چوڭقۇر كورمەپتىكەنمىز، پۇروگىراممىنىڭ تەلىۋىنى كونكرېت چۈشەنمىگەن ئىكەنمىز، بۇ قېتىمقى كۇرسقا قاتنىشىپ تونۇشىمىز ئايدىڭلاشتى، چۈشەنچىمىز چوڭقۇرلاشتى، كوپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدۇق. قايتقاندىن كېيىن بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى "ئىككى ئوتكەل" دىن ئوتكۈزۈش خىزمىتىگە ياخشى يېتەكچىلىك قىلىمىز" دېيىشتى.

— مەريەم ئابدۇراخمان

ئابدۇللا تالىپ

(بېشى ئۆتكەن سادا)

# III باپ ئۇيغۇرلاردا يېزىق ۋە ئىدىقۇت ماتارىپى

يېزىق ــ مەدەنىيەتنىڭ بىردىن - بىر سەۋۇلىسى، ماتارىپنىڭ ئاساسىي قورالى.

ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا يېزىق تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولغان مەدەنىيەتلىك خەلق.

ئۇيغۇر يېزىغى يۇنانلىق ئاكا - ئۇكا كېلىر ۋە مېتودىلار① ئىجات قىلغان سىلاۋىيان يېزىغىدىن كوپ ئەسىرلەر بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن.

مىلادىنىڭ 5 - ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي يېزىغى يېنسەي (رونىك) ئېلىپبەسى ئىدى (1 - جەدۋەلگە قاراڭ). ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا ئورخۇن ئۇيغۇر ئېلىپبەسى ئىشلىتىلگەن (2 - جەدۋەلگە قاراڭ).

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدا نۇرغۇن قوشاق، مۇزىكا تېكىستلىرى، پېداگوگىكىلىق رىسالىلەر، مەڭگۇ تاش (ئابىدە) لار ۋە ئىلمىي ئەسەرلەر يېزىلغان ئىدى. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ بىر قىسمى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلىپ، ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ماتارىپىنىڭ يىراق ئوتمۇشىنى يورۇتۇپ بەرمەكتە.

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغى خوشنا مىللەتلەردىن موڭغۇللار، مانجۇلار، كىدان (قىتان) لار ۋە نايمانلار ماتارىپىنىڭمۇ ئاساس سالغان ئىدى.

قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنى - ماتارىپ هاياتىدا مۇزىكا، ناخشا ۋە تۈرلۈك ئىستېتىك ئىقتىدار ــ ئاساسىي تەلىم - تەربىيە ۋاستىلىرىدىن بىرى ئىدى. دەۋرىمىزدىن 1500 يىل بۇرۇن ئوتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى ۋە كۈيچىسى قوغۇسۇر ئالتۇن (507 — 487) ئىجات قىلغان داڭلىق «تۇرا ناخشىسى» پۈتۈن ئۇيغۇرلار ئىچىدە، جۈملىدىن مەملىكىتىمىز دائىرىسىدە كەڭ تەسىر قوزغىغان ۋە ئەسىرلەردىن بېرى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە سەۋۇلى بولۇپ كەلگەن ئىدى. بۇ مۇزىكا تېكىستى هازىرمۇ خەنزۇ مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلۈپ سۆيۈپ ئوقۇلماقتا. هەتتا ياپونىيىدىمۇ بۇ تېكىست قىزغىن تەتقىق قىلىنماقتا.

① ئاكا - ئۇكا كېلىر (Kelir 825 — 869) ۋە مېتودى (Metudi 827 — 885) مىلادىنىڭ 855 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بۇلغارىيىدە تۇنجى رۇس يېزىقىنى كەشىپ قىلىپ بەرگەن. سىلاۋىيانلار بۇ كۈننى هەر يىلى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ

**1-جەدۋەل**


## ئورخۇن-يېنسەي (رونىك) يېزىغىنىڭ ئېلىپبەسى

| № | ھەرپلەر | ئوقۇلۇشى | № | ھەرپلەر | ئوقۇلۇشى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 𐰀 | a, ə | 21 | 𐱃 | $t^1$ |
| 2 | 𐰃 | ï, i | 22 | 𐱅 𐱅 | $t^2$ |
| 3 | 𐰆 | o, u | 23 | 𐰖 | $y^1$ |
| 4 | 𐰇 𐰈 | ө, ü | 24 | 𐰘 | $y^2$ |
| 5 | 𐰉 (𐰊 𐰉) | $b^1$ | 25 | 𐰸 | ok, uk, k<br>ko, ku |
| 6 | 𐰋 𐰌 (𐰋, 𐰌) | $b^2$ | 26 | 𐰜 (𐰝) | өk, ük, k<br>kө, kü |
| 7 | 𐰑 (𐰒) | $d^1$ | 27 | 𐰶 (𐰷) | ïk, kï, k |
| 8 | 𐰓 | $d^2$ | 28 | 𐰲 | iq |
| 9 | 𐰍 (𐰎) | ɣ | 29 | 𐰴 | q |
| 10 | 𐰏 (𐰐) | g | 30 | 𐰢 | m |
| 11 | 𐰚 𐰛 | k̰ | 31 | 𐰪 | ny (n) |
| 12 | 𐰜 (𐰝) | k | 32 | 𐰭 | ng |
| 13 | 𐰞 | $l^1$ | 33 | 𐰯 | p |
| 14 | 𐰠 | $l^2$ | 34 | 𐰱 | x |
| 15 | 𐰣 | $n^1$ | 35 | 𐰔 (𐰕) | z |
| 16 | 𐰤 (𐰥) | $n^2$ | 36 | 𐰡 | lt |
| 17 | 𐰺 𐰻 | $r^1$ | 37 | 𐰨 | nq |
| 18 | 𐰼 | $r^2$ | 38 | 𐰦 (𐰧) | nt |
| 19 | 𐰽 | $s^1$ | 39 | 𐱁 | əx |
| 20 | 𐰾 | $s^2$ | 40 | 𐱈 | bax |

ئەسكەرتىش: ئىسكوبكا ئىچىگە ئېلىنغانلار - پەقەت تونيۇقۇق، ئونگىن ۋە كۆلچۇر مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە ئۇچرايدىغان ھەرپلەر.

2-جەدۋەل

## قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ ئېلىپبەسى



ئەپسۇسكى، بۇ مۇزىكا دەرسلىكىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېكىست نۇسخىسى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. پەقەت مەملىكىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق مۇزىكا دەرسلىك توپلاملىرىدىن بىرى بولغان «ئۇوردا مۇزىكا تېكىستلىرى توپلىمى» ئىچىدە خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

چۇغاي تېغى باغرىدىن،
ئاقار تۇرا سۇلىرى؛
كەڭ دالىنى پۈركەپتۇ،
ئاسمان شەكلى چېدىرى،
چەكسىز ئاسمان، دالاھەم،
كۆپ - كۆك دېڭىز - بىپايان،
ئىگىز ئوتلار يەلپۈنسە،
پەستە مىغ - مىغ كورۇنەر،
سان - ساناقسىز قوي - قۇلان...

ئەگەر بىز قىيتىقىنىپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، بۇ مۇزىكا ۋە ناخشا تېكىستىنىڭ ئوبرازلىق تەسۋىرى، ئوخشىتىشلىرى چوڭقۇر تەلىم - تەربىيە ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭدا ئۇيغۇرلار (شەرقى تۇرالار) نىڭ دۇنيا قارىشى، تۇرمۇش ئادىتى، تارىخى، جۇغراپىيە مەنزىرىسى ئىنتايىن ئىخچام ۋە تەسىرلىك قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. شۇڭا ئۇ، يالغۇز مۇزىكا دەرسلىكى بولۇپلا قالماي، بەلكى قىسقارتىلغان تارىخ ۋە تەبىئەت دەرسلىكى بولۇش قىممىتىگىمۇ ئىگە.

«تۇرا ناخشىسى» ۋە «ئىرق پۈتۈك» بىلەن بىللە ئەڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان تۇنجى دېداكتىك ئەسەر «چاستانى بېت» داستانى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر كوك تۈرك خاندانلىقى (552 — 744) دەۋرىنىڭ ھارپىسىدا يېزىلغان. ئۇنىڭدا يورۇقلۇق بىلەن زۇلمەت ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۆرەشلەر بايان قىلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا خېلى كوپ تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە مەزمۇنلار سىڭدۈرۈلگەن.

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە تاش پۈتۈك ئابىدىلىرى (مەڭگۈ تاش) ئۇيغۇر خەلقىنى ھەقىقى تارىخىي دەرسلىك بىلەن تەمىنلىدى. ئۇلاردىن مەشھۇرلىرى: «كولتېكىن مەڭگۈ تېشى» — (732 - يىلى تىكلەنگەن)، «بىلگە خاقان مەڭگۈتېشى» (735 - يىلى)، «تونيۇقۇق مەڭگۈتېشى» (716 - يىللىرى)، «قۇتلۇق بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» (759 - يىلى) قاتارلىقلار.

يۇقۇرىدىكى مەڭگۈ تاشلار تەزكىرىلىرى ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي ھاياتىنى، تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەسىرلىك ۋە رېيال تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئۇ، ھەم تارىخىي دەرسلىك قىممىتىگە ھەم بەدىئى ئەدەبىيات قىممىتىگە ئىگە. بۇ مەڭگۈ تاشلارنىڭ تەزكىرىسىنى يازغان ئاپتورلاردىن: يوللىغ تېكىن، تونيۇقۇق، قۇتلۇق تارخان قاتارلىقلار شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق ئوقۇتقۇچىلىرى، ئەدىپلىرى ۋە ماھىر خەتتاتلىرى ئىدى.

لېكىن، ئۇيغۇرلاردا يېزىق تارىخى باشلانغاندىن كېيىن مەكتەپ - مائارىپ ئىشلىرىغا تۇنجى ئاساس سېلىنغان ماكان — تۇرپان ئىدىقۇت ھېسابلىنىدۇ. ئىدىقۇت ئەينى زاماندا شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتى بىر - بىرى بىلەن سىڭىشىپ يۇغۇرۇلغان مەركىزى تۈگۈن ئىدى. تۇرلۇك دىنلار

ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ باراتتى، ئىبادەتخانىلار قۇراتتى، مەكتەپلەر ئاچاتتى، كىتابلار باساتتى. ئۇيغۇر تارىخىدا كىتاب ئەڭ كۆپ يېزىلىپ ساقلانغان جايمۇ ئەنە شۇ ئىدىقۇت ئىدى. بۇ يەردە تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار بىر نەچچە تۈمەندىن ئارتۇق.

كىشىلەر ئىدىقۇتنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ "يەر ئاستى كۇتۇپخانىسى" دەپ بىكار ئېيتمىغان. تۆۋەندىكى پاكىتلار بۇ باھانىڭ ئىنتايىن جايىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ:

بۇ يەردە نېستورى① دىنىي ئەقىدىسى مەزمۇن قىلىنغان: «ئىۋانگىلىئوم» (بەخت ساداسى)، «سانت گىورگىنىڭ شېھىت بولۇش خاتىرىسى»؛... مانى دىنىغا ئالاقىدار ئەسەرلەردىن: «ئىككى يىلتىز دوم»، «مانى مۇرىتلىرىنىڭ تۆۋبىنامىسى»، «ئىرىق پۈتۈك»؛... زارا ئۇستىر②(ئاتەشپەرەستلىك) ئەقىدىسىگە ئائىت ئەسەرلەردىن: «ئەۋلىيا قەسىدىلىرى»...؛ بۇددا دىنىغا ئائىت ئەسەرلەردىن: «ئالتۇن يارۇق»، «سەككىز يۈكمەك»، «مائىترىنىڭ ئۇچرىشىشى» ناملىق يىگىرمە يەتتە پەردىلىك دىراما؛ تارىخىي داستان — «ماھارا باتا»؛ 294 توم 25 كىتاپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «سەلتەنەتكە ياردەم بەرگۈچى ئورنەك - تەدبىرلەر»؛ 5 توملۇق چوڭ چۆچەكلەر توپلىمى — «پەنجى تانترا»؛ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن: «ئەتەبەتۇلھاقايىق»، «ئىزوپ مەسەللىرى»، «ئوغۇزنامە» ھەمدە 5 توملۇق رىۋايەتلەر توپلىمى؛ «چاستانى ئىلىكبېك»، «قەدىمقى تۇرپان قوشاقلىرى»، «مەدەنىيەتسىنا بىلىملىرى»، «ئىككى تىللىق لۇغەت» ۋە ئىدىقۇت خانلىرىنىڭ مەڭگۈ تاش خاتىرىلىرى، ئىقتىسادى ھۆججەتلەر... ئەرەب يېزىقىدىكى ئەسەرلەردىن: «تۆمۈر تەزكىرىسى»، «تەزكىرەيى ئەۋلىيالار»، «مىراجنامە»، «كوكۇل نامە»، «بەختنامە»، «شائىر خارازىمى تاللانمىلىرى» ۋە «مەۋلانە لۇتفى شېئىر تاللانمىلىرى»... بۇنىڭدىن باشقا دىداكتىك - تەلىم - تەربىيە مەزمۇنىدىكى ئەدەبىي، شېئىرىي ئەسەرلەردىن: «ئاخاۋاركا»، «قالىيامقارا - پاپامقارا»؛ دىداكتىك نەسرى ئەسەرلەردىن: «چوڭ مايمۇن پاتمارال»... «بەختىيار شاھزادە»، «رەسسام بىلەن ياغاچچى ھېكايىلىرى» قاتارلىق ئىنتايىن كۆپ ئەسەرلەر يېزىلغان ۋە تەرجىمە قىلىنغان.

يۇقۇرىدا تىزىپ ئۆتكەنلىرىمىز ئىدىقۇت يەر ئاستى كۇتۇپخانىسىدىن تېپىلغان غەزىنىلەرنىڭ پەقەت بىر تۇركۇمىدىنلا ئىبارەت. ئىدىقۇت يادىكارلىقى ئىنتايىن كۆپ. بۇ يەردە ھەرپىلىك مەتبە ئەۋرىشكىلىرى، تام سۈرەتلىرى، نەقىشلەر، ھەيكەللەر ئارقا - ئارقىدىن تېپىلغانلىقى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئۇيغۇرشۇناسلىق دولقۇنىنى قوزغىۋەتتى.

يالغۇز گېرمانىيىنىڭ 4 قېتىملىق ئارخولوگ ئەترىدىلا بۇ يەردىن ئېلىپ كەتكەن يازما ھۆججەتلەر بىر نەچچە تۈمەندىن ئېشىپ كېتىدۇ! بۇلاردىن بىر قىسمى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا چىقىمغا ئۇچرىغان. باشقا ئەللەرنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. ئۇلار «ئىدىقۇتشۇناسلىق» ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىپ كېلىۋاتىدۇ:

19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا گېرمان ئالىمى ج. كلاپورت (J.Klport) «ئىدىقۇت تىلى» ناملىق كىتاۋىنى ئېلان قىلدى. 1820 - يىلى ئۇ، يەنە «ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى ھەققىدە تەتقى

---

①نېستورى (451 — 401) خىرىستىيان دىنىنىڭ بىر مەزھىبى. راھىپ ئارابان 635 - يىلى ئىدىقۇتقا كېلىپ بۇ دىننى تەرغىپ قىلغان.

② زارا ئۇستىر — (مىلادىن 8 ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن) ئۇ ئۇستا دوختۇر ۋە شائىر ئىدى. زەردە شىت دىنىنىڭ ئەۋلىياسى.

قات» دىگەن ئەسەرنى ئېلان قىلغان ئىدى. ۋېنگىرىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس ھ. ۋامبېر «ئۇيغۇر تىلى ۋە قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسەرنى ئېلان قىلدى. 1902 - يىلى گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ شەھرىدە «ئىدىقۇتشۇناسلىق جەمىيىتى» رەسمى قورۇلدى. 1908 - يىلى گېرمان ئالىمى ف. موللېر «ئۇيغۇر يادىكارلىقى تەتقىقاتى» ناملىق ئەسەرنى ئېلان قىلدى. بۇ كىتاپ 4 توملۇق يىرىك ئەسەر ئىدى. گېرمانىيىلىك ئا. لىكوك 3 چوڭ توملۇق «ئىدىقۇت مانى يادىكارلىقى» ناملىق ئەسەرنى؛ ۋ. بان بىلەن فون. گابائىن بىرلىكتە يازغان 6 توملۇق «تۈرك- تۇرپان ئەدەبىي يادىكارلىقى» ناملىق ئەسەرنى، تۈرك ئالىمى رەھمەت ئارات ئىككى توملۇق «ئۇيغۇر مەدىتسىنا يادىكارلىقى» ناملىق ئەسەرنى، 1911 - يىلى گابائىن بېرلىندە «ئىدىقۇت تۈرك - ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى» ناملىق ئەسەرنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلدى. گابائىننىڭ بۇ كىتاۋى ھازىرغىچە 3 قېتىم نەشر قىلىندى. شەرقىي گېرمانىيىدە 1960 - يىلىدىن كېيىن «تۇرپان يادىكارلىقى» (Berliner Turfan texte) ناملىق 8 توملۇق يىرىك ئەسەر نەشر قىلىندى. ياپونىيىلىك ئالىم داكو 4 توملۇق «ئىدىقۇت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ناملىق ئەسەرنى ئېلان قىلدى.

«ئىدىقۇتشۇناسلىق» نىڭ جەلپ قىلىشى ئارقىسىدا مەشھۇر ئېنگلىز ئارخېئولوگى سىتەيىن 1908 — 1902 - يىللىرى ئىدىقۇت ۋە خوتەنگە 3 قېتىم كېلىپ تەكشۈرۈپ ئىككى توملۇق «قەدىمقى خوتەن» ناملىق ئەسەرنى ئېلان قىلدى.

ئىدىقۇتتىكى يەر ئاستى كۈتۈپخانىسى قانداق قىلىپ بۇنچىۋالا تارىخىي يادىكارلىقلارغا ئىگە بولغان ۋە ساقلاپ قالالىغان؟

بىرىنچىدىن، ئىدىقۇتتا مائارىپ ۋە ئىدىئولوگىيە ئەركىنلىكى يولغا قويۇلغان. قايسى ئېتىقاتقا مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ، بىلىم ئىگىسى بولسىلا، بولۇپمۇ ئەۋلاتلارنى تەربىيىلىگۈچى بولسىلا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. بۇخىل خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى كىشىلەر "ئىلتەبىر" (ilteber) دەپ قەدىرلىنەتتى.

ئىككىنچىدىن، ئىدىقۇتتا كىتاپ يېزىش ۋە كوچۇرۇش ئەڭ ساۋاپلىق كەسىپ دەپ قارىلاتتى. بۇنداق ئېتىقات "بۇيان" (buyan) دىيىلەتتى. مەسىلەن، پۈتۈلگەن كىتاپلارنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق سوزلەر ئالاھىدە يېزىلاتتى:

"... بۇ كىتاپنىڭ ساۋاۋى ئالدى بىلەن خان سارىيىغا، ئاندىن قالسا مەرھۇم ئەجداتلارغا ۋە يارۇ - بۇرادەرلەرگە بولغايلەر...".

ئۈچىنچىدىن، ئىدىقۇتتا بىلگە كېڭىشى (مائارىپپەرۋەر دانىشمەنلەر كېڭىشى) تەسىس قىلىنغان ئىدى. ئۇلار دەرىجە، ئۇنۋانلارنى بەلگىلەيتتى، ھەم ئەل ئىچىدىكى ئاقارتىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى. بىلگە كېڭىشى نۇرغۇن تىللىق ئىزاھلىق لۇغەتلەر (سانسكرىت - ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە، توخار - ئۇيغۇرچە، سوغدى - ئۇيغۇرچە) نى قوللانما سۈپىتىدە تۈزۈپ چىققان ئىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى يەنە ئالاھىدە سۈرتلۈق قەغەز كەشىپ قىلغان. خەت پۈتۈلۈشتىن بۇرۇن قەغەز ئۈستىگە ئاق شىلىم سۈرتىلەتتى. بۇ قەغەزنى "پاتلاپ يېزىش ئۇسۇلى" دىيىلەتتى. قاراغوجىدا يەنە خېلى چوڭ قەغەز زاۋۇتىمۇ قورۇلغان.

ئىدىقۇتلۇقلار ئۈز ئالدىغا ياغاچ مەتبەە كەشىپ قىلغان. ھەرپلەر دانە - دانە كۆۋادىرات ياغاچلارغا ئويۇلۇپ، ئاندىن قېلىپقا بېكىتىلىپ، ئۈستىدىن رەڭ سۈرتىلىپ، خىلمۇ - خىل رەڭلىك كىتاپلار بېسىلاتتى. مۇشۇنداق مەتبەە ھەرپلىرىدىن چەتئەل ئارخېولوگلىرىنىڭ ئوغۇرلاپ ئېلىپ كەتكەنلىرى 100 مىڭدىن ئارتۇق.①

ئەينى زاماندىكى ئىدىقۇت مائارىپى توغرۇلۇق ئاتاغلىق سايياھ ۋاڭ يەندى (939 — 1006) ئۆزىنىڭ «ئاستانە خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازغان ئىدى:

"...ئىدىقۇتتا كەسپىي مۇئەللىملەر بار ئىكەن. ئۇيغۇرلار شېئىر ۋە قوشاققا خۇشتار ئىكەن. ئۇلار ئۆز يېزىقىنى كۈندىلىك ئېھتىياج ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى تۈرلۈك ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى، كىتاپلارنى يېزىشقىمۇ ئىشلىتىدىكەن. ئۇ يەردە ھەر خىل تىللاردا يېزىلغان نۇرغۇن كىتاپلارنى كوردۇم..."

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئانا تىلى ساپلىقىنى قوغداپ قالغان ئىدى. ئۇلار مەنسەپ ناملىرىنى ئاتاشتا ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. مەسىلەن: ئۇلار "قاغان" سوزىنى ئۆزۈنىغىچە ئىستىمال قىلدى. بۇ سوز ھوكۇمران، ئىمپىراتۇر، خان مەنىسىدە بولۇپ، ھون، تۈرك ۋە سىيانپىلارمۇ ئورتاق ئىشلەتكەن. كېيىنچە بۇ ئاتالغۇ پارچىلىنىپ ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچە سوزگە ئايلىنىپ قالدى. مەسىلەن، قازاقلاردا ئومەرقان، تىلەۋقان، ئۇيغۇرلاردا بېلىقىزخان، ئايخان...

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئېلىكخان دىگەن نامنى بەكمۇ ئېزىزلاپ ئىشلەتەتتى. ئۇ، "ئەل ئىگىسى" مەنىسىدە بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا ئەل چۈشەنچىسى بەكمۇ مۇقەددەس ھىساپلىناتتى. شۇڭا "ئېلىكبەك" (يولباشچى مەنىسىدە) ئاتالغۇسىمۇ ئىنتايىن ھورمەتكە سازاۋەر ئىدى. "ئىدىقۇت" سوزى "بەختكە يېتەكلىگۈچى" دىگەن ئۇقۇمغا ئىگە بولۇپ، ئەڭ قەدىمى تىل ھىساپلىنىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى مىللى قەھرىمانلىرىغا كۈچلۈك ھايۋان ۋە بۈركۈت قۇشلارنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ سۈپەت بېرىش ئەنئەنىسىگىمۇ ۋارىسلىق قىلغان ئىدى.

مەسىلەن: توغرول، تۇغان قاتارلىقلار بۈركۈت ناملىرى؛ بۇغرا، ئارسلان، شىر قاتارلىقلار ھايۋان ناملىرى.

ئۇنىڭدىن قالسا بىر مۇنچە ئەمەل ناملىرى ۋە سۈپەت سوزلىرى قەدىمقى تۈرك - ئۇيغۇر ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىنىپ ئىشلىتىلەتتى. مەسىلەن: ئاتامان (قوماندان)، سانغۇن (گېنېرال)، باش بۇغ (ئومۇم ۋالى)، تۇنگاخان (قاپلاندەك كۈچلۈك)، ئالپتېكىن (پەھلىۋان شاھزادە)، تاياڭغۇ (ئىشىك ئاغا، ئوردا ۋەزىرى)، ياغانتېكىن (پىلدەك شاھزادە)، سۈيباشى (چېرىك باشلىغى)؛ بالجۇن (مەمۇرى ئىشلار ۋالىسى)، ئالىپ ئەرتۇڭا (قاپلاندەك قەھرىمان)؛ بۇغرا (ئەركەك توگە)، كول بىلگە (پايانسىز بىلىملىك)...

① 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇسىيىلىك ئولدىنبۇرگ تۇرپانغا كېلىپ ياغاچ مەتبەە ھەرپلىرىدىن 100 مىڭدىن ئارتۇقراقىنى ئېلىپ كېتىپ، مۇسكۋا مۇزېيىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. (Keslagerofi)

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەتبەە تېخنىكىسى تاكى گېرمان ئالىمى ئىنوگېن كودىنبۇرگ كەشىپ قىلغان مېتال ھەرپلىك ئىلغار مەتبەە تېخنىكىسى ئىشلىتىلگىچىلىك (15 - ئەسىر) دۇنيادا ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. بۇنىڭدىن بىز ئىدىقۇت مائارىپى، ئەشرىياتچىلىقىنىڭ خېلى زور كولەمدە راۋاجلانغانلىقىنى كورۈۋالالايمىز.

ئىدىقۇت مائارىپى نۇرغۇن تىلشۇناسلارنى، كوپ تىللارنى بىلىدىغان تەرجىمانلارنى، ئابرويلۇق ئوقۇتقۇچىلارنى، ئەدىب - شائىرلارنى، دىراماتورگلارنى، بوغالتىر - ھىساۋاتچىلارنى، تىۋىپ - دوختۇرلارنى يېتىشتۇرگەن.

بۇلارنىڭ ئىچىدە:

سىنقۇلى سېلى (كېيىنكى باپتا مەخسۇس توختىلىمىز).

ئاپرىنچۇر تىكىن: بۇ كىشى زامانىسىدا ئاتاقلىق مائارىپچى ۋە يازغۇچى بولغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن «مەرسىيە» ۋە «نەزىم» ناملىق دىداكتىك داستانلىرىنىڭ ئۈزۈندىلىرىلا زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلىگەن.

پىراتيا ياشىرى: ئۇ زامانىسىدا مەشھۇر ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇنىڭ «ھىكمەتلەر پەزىلىتى» ناملىق ئەسىرى خېلى چوڭ تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا نامى بىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن ئوقۇتقۇچى ئەدىپلەردىن: چىسۇيا توتۇڭ، كېركى، قالىم كەيشى، كۆل تارقان، ئاسىغ توتۇڭ، قارۇ ناداز قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرى بار.

شۇنىمۇ مۇئەييەنلەشتۇرۇش كېرەككى، ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە مانى ۋە باشقا دىنى ئەقىدىلەرنىڭ ئىدىئولوگىيىسى ھوكۇمران ئورۇندا تۇراتتى. بىراق، ئۇ، ئومۇمى خەلق ئەدەبىياتى ۋە مائارىپى ئۇچۇن ئېيتقاندا قىسمەن رامكىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ تەكتىدە خەلقنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرى، ئىجتىمائى تۇرمۇش رىياللىقى ۋە مەدەنىي - مائارىپى يەنىلا ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

## IV باپ بۇددىزىم دەۋرىدە ئۇيغۇر مائارىپى

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن تارىم ئويمانلىقىدا ئەڭ كۈچلۈك يىلتىز تارتقان دىن — بۇددىزىم ئىدى.

بۇددا — سانسكرىتچە "ئەقلى - ھۇشىغا كېلىپ، توغرا يولغا ماڭماق" دېگەن ئۇقۇمىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ ئېتىقادنى ھىندىستانلىق ساكيامۇنى (مىلادىدىن بۇرۇن 557 — 477) كەشىپ قىلغان. بۇ دىن توغرىسىدا يېزىلغان كىتاپلار مىلادىنىڭ 740 - يىلىغا يەتكەندە 5048 تومغا كوپەيگەن.

بۇددا دىنى تارىم ئويمانلىقىغا مىلادىنىڭ 75 - يىلىدىن باشلاپ سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان. نەتىجىدە خوتەن، كۈچار ۋە كېيىن ئىدىقۇتنى مەركەز قىلغان بۇددا مائارىپى ۋە سەنئىتى ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئەنە شۇ مائارىپ يېتىشتۇرگەن مەشھۇر ئالىملار بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتىمىز:

### 1. ئاتاقلىق ئوقۇتقۇچى، تىلشۇناس كومۇراجىۋا

كومۇراجىۋا (مىلادىدىن كېيىنكى 413 — 344)، قەدىمقى كۈچار (كۇسەن) شەھىرىدىكى بىر بۇددا ئالىمىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ، كۈچاردىكى مەركىزى ئىبادەتخانا مەكتىۋىنى تۈگىتىپ

بولغاندىن كېيىن ھىندىستانغا بېرىپ ئوقۇغان. كېيىن يەنە كۇچارغا قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن يىللار
ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇ 30 ياشقا يېتىپ بارمايلا پۈتۈن تارىم ۋادىسى بويىچە ئەڭ ئاتاقلىق
ئالىم بولۇپ داڭ چىقاردى. ئۇنىڭدا مىڭلىغان تالىپلار دەرس ئاڭلىغان. ئۇنىڭ نوپۇزى ۋە شوھ-
رىتىنى ھورمەتلەپ ئالدىغا ئالتۇن مۇنبەر قويۇپ لېكسىيە قىلدۇراتتى.

كومۇراجىۋا كوپ تىللار (سانسكرىت، تاڭغۇت، خەنزۇ تىلى، تۈرك - تۇخار، ئىپتىلىتلار
تىلى) نى مۇكەممەل ئىگەللىگەن ۋە شۇ تىللار بويىچە لۇغەت قامۇسى تۈزگەن تىلشۇناس ئىدى،
ئۇ، تىلشۇناسلىق ۋە تەرجىمشۇناسلىق توغرىسىدىمۇ ئىلمىي دوكلاتلار قىلغان. تارىم ۋادىسىدا
تەرجىمشۇناسلىق تارىخى كومۇراجىۋادىن باشلىنىدۇ. ئۇ بىپايان بۇددا كىتابلىرىنى سانسكرىت
تىلىدىن باشقا تىللارغا، جۈملىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، نۇرغۇن يېڭى ئاتالغۇلارنى
كەشپ قىلغان. كومۇراجىۋانىڭ تەرجىمە ئەمگىكى ئارقىسىدا تۈرك - ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەخس كې-
لىش شەكلىگە كوپلىگەن سىپايى دەرىجىلەر قويۇق سىڭىپ كىردى. بۇنداق سىپايى دەرىجىلەر
سانسكرىت تىلىدا كوپ بولۇپ، قەدىمقى تۈرك - ئۇيغۇر تىلىدا يوق ئىدى.

كومۇراجىۋا ھەيكەلتاراچلىق ۋە مۇزىكا سەنئىتىگىمۇ ماھىر ئىدى. مەشھۇر «قىزىل مىڭ
ئۆي» تام سىزمىلىرى كومۇراجىۋا ياشىغان دەۋردە ياسىلىشقا باشلىغان.

مىلادىنىڭ 401 - يىلى ئاخىرقى چىن پادىشاسى ياۋشىن كۇچارغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ
ئالىم كومۇراجىۋانى ئىچكىرىدە دەرس ئوتۇشكە تەكلىپ قىلدى. كومۇراجىۋا تەكلىپكە بىنائەن
چاڭئەنگە بېرىپ، دىنىي ئالى مەكتەپلەردە ئۇزۇن يىللار ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ،
800 نەپەر تالىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. بۇ ئوقۇغۇچىلاردىن داۋ شىن، سىن چى، داۋ رەن،
سىن شى قاتارلىقلار پۈتۈن جۇڭگو بويىچە "4 مەشھۇر ئەۋلىيا" دىگەن نام بىلەن شۆھرەت
قازانغان.

كومۇراجىۋا چاڭئەنىنىڭ ئالى دىنىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش بىلەن بىللە يە-
نە سانسكرىت تىلىدىن 384 توم كىتاپنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى. ئۇنىڭ
تەرجىمە ماھارىتى ۋە تىل بەدىئىلىكى جۇڭگودا تەڭداشسىز ئابروي قازانغان.

## 2. ماتارىپچى ئالىم پورتىدىن

پورتىدىن (348 — 232 Portidin) 116 يىل ئۇزۇن ئومۇر سۈرگەن ئاتاقلىق ماتارىپچى.
پورتىدىن ئەسلى قەدىمقى تۈرپاندىن بولۇپ، مىلادىنىڭ 310 - يىلى (غەربىي جىن سۇلالىسى
دەۋرىدە) پادىشا يۈەنجانىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن پايتەخت لوياڭغا بېرىپ، ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.
پورتىدىن ئىچكىرىدە ئۇزۇن يىللار ماتارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا 893 ئىبادەتخانا
مەكتەپلىرىنى تەسىس قىلىپ چىققان. پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان ۋە چاڭجياڭنىڭ شىمالى
ۋە جەنۇپ تەرەپلىرىدىن ھەر يىلى مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە راھىپلار لوياڭغا توپلىنىپ ئۇنىڭ
تەپسىرىنى ۋە دەرسىنى ئاڭلايتتى. ئۇ، ئونمىڭلىغان شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن ئىدى. بۇلار ئىچ-
ىدىن داۋئەن، فايا، فاتەي، فاخې قاتارلىق كىشىلەر پۈتۈن جۇڭگو بويىچە ئەڭ ئاتاقلىق بۇددا
ئۆلىمالىرى بولۇپ داڭ قازانغان.

## 3. چوڭ ئالىم ۋە ئوقۇتقۇچى پىرخۇيلان

پىرخۇيلان (820 — 736) قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ، شۇ يەردىكى ئالىي ئىبادەتخانا مەكتىۋىدە بىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ زامانىسىدا كاتتا يازغۇچى، ئوقۇتقۇچى ئىدى.

پىرخۇيلان ئۆمرىنىڭ كېيىنكى چاغلىرىدا يېڭىدىن باش كۆتىرىپ چىققان ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدىن قورقۇپ چاڭئەنگە كېلىۋالغان ئىدى. ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يەردە "پىشىۋا ئالىم" دېگەن شۆھرەتكە ئىگە بولدى ۋە كاتتا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. پىرخۇيلان چاڭئەندە يىگىرمە يىللاپ قان - تەر سەرپ قىلىپ «ئومۇمى ئەقىدىلەر شەرھى» ناملىق 100 تومدىن ئاشىدىغان غايەت زور يىرىك ئەسىرىنى تاماملىدى. بۇ ئەسەر بۇددا ئالىملىرى ئىچىدە قولدىن - قولغا ئۆتۈشۈپ ئوقۇيدىغان قامۇسقا ئايلانغان، ھەتتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگىچىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر «ئومۇمى ئەقىدىلەر شەرھى» نى ئىنتايىن قەدىرلەپ ئوقۇيتتى.

پىرخۇيلان ھىندى تىلىنى، جۇڭگونىڭ ئەدىبىي تىلىنى ۋە باشقا تىللارنىمۇ پىششىق بىلەتتى. ئۇ، جۇڭگونىڭ قەدىمقى ھەممە يازما خاتىرىلىرىنى يېڭىدىن - يېڭىنىسىغىچە مۇپەسسەل ئۆگىنىپ چىققان ئىدى. ئۇنىڭ جان پىدالىق بىلەن ئۆگىنىش روھى كېيىنكى كىشىلەرگىمۇ چوڭ ئىلھام بەرگەن ئىدى.

«ئومۇمى ئەقىدىلەر شەرھى» نىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ چاۋشيەنلىكلەر مەخسۇس دۆلەت ۋەكىلى ئەۋەتىپ مەزكۇر ئەسەرنى كۆچۈرۈۋېلىشنى ئىلتىماس قىلغاندا جۇڭگو ھۆكۈمىتى (5 دەۋرى زامانلىرى) رۇخسەت قىلمىغان ئىدى. كېيىن، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە چاۋشيەن دۆلىتى يەنە ۋەكىل ئەۋەتىپ قايتا ئىلتىماس قىلىپ تۇرىۋالغان. سۇڭ سۇلالىسى بۇ قېتىم رۇخسەت قىلغان. مىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا مەزكۇر ئەسەرنى ياپونلۇقلاردىن كىشى كېلىپ كۆچۈرۈپ كەتتى. ياپونىيىدە پىرخۇيلان چوڭ ئالىم، دەپ تونۇلدى.

1737 - يىلى (چەنلۇڭنىڭ 2 - يىلى) دۆلەت تەرىپىدىن پىرخۇيلاننىڭ ھەممە ئەسەرلىرى تولۇق بېسىلىپ ئېلان قىلىندى.

1880 - يىلى دۆلىتىمىز مەزكۇر ئەسەرنىڭ ياغاچ ئويما نۇسخىسىنى ياپونىيىدىن ئالدۇرۇپ كېلىپ، كۆپەيتىپ بېسىپ تارقاتتى. دېمەك قەشقەردىن چىققان بۇ ئالىم ۋە مەشھۇر ئوقۇتقۇچى زامانىسىدا خەلقارادا تونۇلغان ماھارەتچى ئىدى.

4. ئىدىقۇتلۇق ماھارەتچى سىنقۇسېلى ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى باشبالىق (جىمسار)دا تۇغۇلغان. ئۇ، پىرخۇيلان ئەسەرلىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن تەتقىقاتچى ئىدى.

سىنقۇسېلى ئاتاقلىق ئەدىپ ۋە تەرجىمان بولۇشى بىلەنمۇ شۆھرەتلىك ئىدى. ئۇ، كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان ۋە تەرجىمە قىلغان. ئۇ تەرجىمە قىلغان مەشھۇر ئەسەر «ئالتۇن يارۇق» ۋە «شۈەنجاڭنىڭ تەرجىمىھالى» يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە بولۇپ تونۇلغان. سىنقۇسېلى ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن باشقا يەنە تۇخار تىلى، ئەنەتكەك - سانسكرىت تىلى، خەنزۇ تىلى، تاڭغۇت تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان تىلشۇناس ئىدى. بولۇپمۇ، ئۇ قاراغوجا ۋە جىمساردا ئۇزۇن يىللار ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ ئابروي قازانغان ئىدى.

ۋ. بۇددىزىم ماتارىپىنىڭ ئاخىرقى مەركىزىدە ياشىغان ماتارىپچى شائىر كەكمىنىر مۇشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ماتارىپىنىڭ يەنە بىر كۆزگە كۆرۈنەرلىك نامايەندىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمقى تەكلىماكان بوستانلىقىدىكى چارقىلىق ئوبلاستىدا تۇغۇلۇپ ئوسكەن مەرىپەتپەرۋەر شائىر كەكمىنىرنىڭ ئەسەرلىرى خەنزۇ مەكتەپلىرىدە ئوقۇلۇپ كەلمەكتە. ئۇ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى بەي جۈيى (846 — 772) بىلەن زاماندىش.

كەكمىنىر خەنزۇچىنى ئۇزۇن يىللاپ پىششىق ئۆگەنگەن ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىدىن بىۋاستە پايدىلىنالايدىغان سەۋىيىگە يېتىشكەن. بولۇپمۇ تاڭ دەۋرىنىڭ بۈيۈك رېيالىستىك شائىرلىرى دۇفۇ (770 — 712) ۋە لى بەي (762 — 701) نىڭ ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنى بىز ئۇنىڭ «مەرىپەت ھەققىدە» ناملىق يەنە بىر شېئىرىدىن ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز. شائىر مەزكۇر شېئىرىدا دۇفۇ بىلەن لى بەيگە ئىنتايىن يۇقىرى باھا بېرىدۇ. كەكمىنىر يەنە شۇ شېئىرىدا كىشىلەرنى مەرىپەتكە، بىلىم ئېلىشقا ئۈندەيدۇ، پەقەت بىلىم بىلەنلا تىلەككە يەتكىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا جارچىلىق خىتاپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ 815 - يىلى يازغان «چىلبۆرىلەر ئۈستىدىن شىكايەت» ناملىق ئاتاقلىق شېئىرى ئىنتايىن چوڭقۇر رېيالىستىك مەزمۇنغا ئىگە. ئۇ، مۇنداق يازىدۇ:

زومىگەر - چىلبۆرىلەر،
يەيدۇ نېنىمىنى—
شوراپ قېنىمىنى!
تالايدۇ، قويىماي ھېچ نىمە،
خاماندىن ئاشلىقنى،
دەستىگاھدىن رەختىمىنى...

كېلىدۇ، بىر كۈن
ئاسمان - زېمىن گۈم بولۇپ،
بۇلۇتلار تارقاپ،

كۈن چىقار شۇل چاغ
—چىلبۆرىلەرنى يەر يۇتۇپ!...

كىتابخانلىرىمىز ئالدىدا جەۋلان قىلىپ تۇرغان بۇ جەڭگىۋار شېئىرنىڭ كۈچلۈك مەزمۇنىنى قېتىقىنىپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا بىز ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر تارىخى ۋە جەمئىيەت تۈزۈمى توغرىسىدا ئىنتايىن پايدىلىق تارىخي ساۋاتقا ئىگە بولالايمىز.

• • •

بۇددا دىنى باشقا دىندىكىلەرنىڭ ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى تەشۋىق قىلىشقا بولىدىغان ھەممە سەنئەت ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشقا يول قوياتتى. شۇ چاغدا ياسالغان ۋە ھازىرمۇ جاھان سەنئەتكارلىرىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋاتقان كۇچار - قىزىل ۋە دۇڭخاڭدىكى ھېسابسىز مىڭ ئۆي تام سۈرەتلىرى سەنئىتى ئەنە شۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تىپىك نامايەندىسىدۇر.

مىڭ ئۆي غارلىرىغا سىزىلغان رەسىملەردە دىنىي پائالىيەتلەردىن باشقا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ رېيال تۇرمۇشى روشەن تەسۋىرلەنگەن. قوش ھەيدەۋاتقان دېھقانلارنىڭ كورۇنۇشى، دۇلدۇل مىنىپ، ئوقيا ئېتىۋاتقان جەڭچىلەر، ئۆرپ - ئادەت كورۇنۇشلىرى، مۇزىكانتلار، ئۇسۇلچىلار، قول - ھۈنەرۋەن كاسىپلارنىڭ تۇرمۇشى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بۇ سۈرەتلەرنىڭ نەپىسلىكى، بېرىلگەن بوياقلارنىڭ رەڭدارلىقى ساييالارنىڭ كوزىنى قاماشتۇرىدۇ.

15 ئەسىردىن بۇيان ئوتكۈپ كەتمەي تېخى ھېلىلا سىزىلغاندەك يالتىراپ تۇرىدىغان رەڭگارەڭ بوياقلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئەينى زاماندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بوياقچىلىق (رەڭ ئىشلەش) سانائىتىمۇ يۇقۇرى دەرىجىدە تەرەققى قىلغان.

قەدىمقى كۇچاردا ھۈنەر - سەنئەت مەكتىۋى، مۇزىكا مەكتىۋى بار ئىدى. كۇچار، قىزىل مىڭ ئۆي غارلىرىدا سىزىلغان 38 - نومۇرلۇق غار سۈرەتلىرىدە پىپا، غوڭقا، نەي، سۇناي قاتارلىق مۇزىكىلارنى تەڭكەش قىلىپ ئولتۇرغان مۇزىكانت، سازەندىلەرنىڭ جانلىق تەسۋىرى كوزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.


پۈتۈن شەرقتە داڭقى چىققان مۇزىكىشۇناس — ئاتا، بالا سۇجۇپ ۋە مۇزىكا مۇئەللىمى ئاقارىمىندا... قاتارلىقلار قەدىمقى ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى ئۈچۈن چوڭ توھپە قوشقان ئىدى.

سۇجۇپ تەكلىپكە بىنائەن 517 - يىلى چاڭئەنگە بېرىپ ئوردا مۇزىكا مەكتىۋىدە ئوقۇتقۇچى بولدى ۋە ئۇ يەردە «12 رىتىم قانۇنى» نى كەشىپ قىلدى. ئۇ، مۇشۇ ئىجادىيىتى بىلەن "مۇزىكا پىرى" دىگەن ئۇنۋانغا ئىگە بولدى. ئۇيغۇر مۇزىكا ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ساز - ناخشىلىرىنىڭ شوھرىتى ۋە تەسىرى ئەينى زاماندا ھەقىقەتتىمۇ ئىنتايىن زور ئىدى. بۇنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى ۋاڭ جيەننىڭ تۆۋەندىكى شېرىدىن ئوچۇق كورۇۋالالايمىز:

تاڭ سەھەر ئاڭلاپ خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازىنى،
شەھرى لوياڭدا جىمى ئۆي مەشق قىلار خۇ سازىنى.

.............

(داۋامى بار)



# پاۋلىش ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ ئەمگەك ئەنئەنىسى

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى پاۋلىش ئوتتۇرا مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەنلىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئانا مەكتىۋىگە قارىتا سەمىمى، گۈزەل خاتىرىلەرنى قالدۇرىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەپ، بۇ مەكتەپنىڭ مول ۋە كۆپ خىل تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ۋە تەلىم-تەربىيە پائالىيەتلىرىنى دائىم قانات يايدۇرۇپ، تەدرىجى ھالدا يېڭى ئەنئەنىۋى مەكتەپ ئىستىلىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىدە.

ئەمگەك ئەنئەنىسى بۇ مەكتەپنىڭ تۇرمۇشىدا گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. بۇ يەردە ئەمگەك دائىم دىگۈدەك رومانتىزىملىق تۈس ئېلىپ، كىشىگە خۇشاللىق ۋە بەخت بەخش ئېتىش ئارقىلىق كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى بايلىققا ئايلىنىدۇ-دە، ئەمگەكچىلەردە يۈكسەك قىزغىنلىق پەيدا قىلىپ، كۈچلۈك تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ.

بىرىنچى خىلى: تۈرلۈك ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە ماشىنا مودىللىرىنى ياساپ، ئانا مەكتىۋىگە سوغا قىلىش؛ بىرىنچى يىللىقلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈشتە ئانا مەكتىۋىگە تەقدىم قىلىدىغىنى ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشى بايان قىلىنغان، قىستۇرما سۈرەتلەر بېرىلگەن بىر ھىكايىلار توپلىمى؛ ئىككىنچى يىللىقلارنىڭ ئۆز ئانا مەكتىۋىگە تەقدىم قىلىدىغىنى تۈرلۈك ھۈنەر-سەنئەت شەكىللىرى؛ 3-يىللىقلارنىڭ تەقدىم قىلىدىغىنى ياغاچتا ياسالغان بىر بىناكارلىق قۇرۇلۇش مودىلى؛ 4-يىللىقلارنىڭ تەقدىم قىلىدىغىنى ئىسسىق كىچىك قۇتىغا بېزىلگەن دانلىق زىرائەت ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ ئىسىل سورتلىرى؛ 5-يىللىقلارنىڭ تەقدىم قىلىدىغىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياش قەھرىمانلىرى زويا ۋە ئولىگلارنىڭ نەقىشلەنگەن ئىككى ھەيكىلى؛ 6-يىللىقلارنىڭ تەقدىم قىلىدىغىنى بىر ھور تۇربىنىسىنىڭ مودىلى؛ 7-يىللىقلارنىڭ تەقدىم قىلىدىغىنى بىر ئورۇق چېچىش ماشىنىسىنىڭ مودىلى؛ 8-يىللىقلارنىڭ تەقدىم قىلىدىغىنى بىر تېرمو-ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ مودىلى؛ 9-يىللىقلارنىڭ تەقدىم قىلىدىغىنى توك كۈچى بىلەن ماڭىدىغان پويىز يولىنىڭ ھەركەت مودىلى؛ 10-يىللىقلارنىڭ ئانا مەكتىۋىگە تەقدىم قىلىدىغىنى رادىيو ئارقىلىق يىراقتىن كونتىرول قىلىنىدىغان ماشىنا مودىلى ۋە بىر ئېلېكترون لامپىلىق رادىيو پرىيومنىكتىن ئىبارەت. بۇلار ھەر قايسى يىللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئىشلەيدىغان سوغا بۇيۇملىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئانا مەكتىۋىگە بولغان ھېسسىياتى سىڭدۈرۈلگەن، بۇ ئۇلارنىڭ مەكتەپنى ئۆز ئۆيىدەك سۆيىدىغانلىقىنىڭ سىمۋولى.

ئىككىنچى خىلى: ئوقۇغۇچىلار يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ، بىئولوگىيە تەجرىبىخانىسى ئۈچۈن كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇش قوراللىرىنى تەييارلايدۇ، توپا، ئورۇق، ھاشارەت، ئۆسۈملۈك نۇسخىلىرىنى يىغىپ، ئوقۇش باشلانغان كۈنىلا مەكتەپكە تاپشۇرىدۇ.

ئۈچىنچى خىلى: ئوقۇغۇچىلار يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلىنىشتىن ئىلگىرى دەرسخانا ۋە

مەكتەپنى گۈزەللەشتۈرۈشكە كىرىشىپ. مەكتەپداشلىرىنىڭ كېلىشىنى قارشى ئالىدۇ ۋە يېڭى ئوقۇش يىلى باشلانغان بىرىنچى كۈنى كەچقۇرۇنلىقى پىونېرلارنىڭ گۈلخان كېچىلىكىنى ئۆتكۈزۈپ، بالىلارغا تۇرمۇشنىڭ خوشاللىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

تۆتىنچى خىلى: باھار ۋە كۈزدىكى يامغۇرلۇق كۈنلەردە باغۋەنچىلىك ھەپتىلىكى ئەمگەكلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار ھەركەتلەندۈرۈلىدۇ، مۇھىتنىڭ دەرەخلەرنى تىكىپ، مەكتەپ، تەجرىبە ئېتىزلىرى ۋە ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ھويلىسىنى گۈزەللەشتۈرۈش، ئائىلىسى ئۈچۈن، كوللېكتىپ ئۈچۈن بەخت يارىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئەمگەك ئىپتىخارى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچەيتىلىدۇ.

بەشىنچى خىلى: ئورما ئوروش پائالىيىتى كۈنى. كۈزلۈك يىغىمنىڭ بىرىنچى كۈنى بارلىق ئوقۇغۇچىلار تاڭ سەھەردە مەكتەپكە كېلىدۇ، ئوقۇتقۇچى ئۇلارنى خۇددى بايرام كۈنىنى قارشى ئالغاندەك تەبرىكلەيدۇ. ئاندىن ئورما ئوروشقا كىرىشىپ، ياخشى ئۇرۇق سورتلىرىنى يىغىدۇ، مول ھوسۇلنى ناخشا ئۇسۇللار بىلەن خوشال تەبرىكلەيدۇ.

ئالتىنچى خىلى: يېڭى بولكا بايرىمى. بۇ، كىچىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ بايرىمى بولۇپ، بالىلار ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبە ئېتىزلىرىدىن ئالغان بۇغدايلىرىدىن ئۇن تارتىپ، بولكا پىشۇرۇش ئارقىلىق ئانىسىنى كۈتۈۋالىدۇ، ئەمگەك مېۋىسىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ.

يەتتىنچى خىلى: ياز پەسلىدە ئوت-چۆپ ئوروپ، چارۋا ماللار ئۈچۈن بوغۇز تەييارلايدۇ، بۇنىڭ ۋاقتى بىر ھەپتە. ئوقۇغۇچىلار كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان سەھرا ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، تالادا يېتىپ-قوپۇپ، كېچە مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنىپ، قىزىقارلىق سەھرا سەيلىسى ھاياتىنى باشتىن كەچۈرىدۇ.

سەككىزىنچى خىلى: ئامموي باغچىلارنى، مېۋىلىك باغلارنى، ئۈزۈملۈك باغلارنى بەرپا قىلىش، تەنتەربىيە مەيدانلىرىنى ياساش، كوچا بويلىرىغا كۆچەت تىكىش، يېزىلارنى گۈزەللەشتۈرۈش، قەۋرىستانلىقلارنى يېشىللىققا ئايلاندۇرۇش.

توققۇزىنچى خىلى: ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئەمگەكلىرىگە، مەسىلەن، ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىش، كۆكتات يېرىنى تېرىش، ئوتۇن يىغىش، زىرائەتلىرىنى يىغىش قاتارلىق ئەمگەكلىرىگە كوللېكتىپ ھالدا ياردەم بېرىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خوشاللىق دەپ بىلىدىغان ئىجتىمائىي ئەخلاقىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش.

(«نۇر گېزىتى» نىڭ 1983 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى.)

---

( بېشى 25 - بەتتە )

(10) مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا، بىر قانچە خىل ئىشەنچلىك ئۇسۇللارنى تاللاپ ئوتتۇرىغا قويالايدىغان، ھەمدە ئۇنىڭ ئىچىدىن ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى تاللاپ چىقالايدىغان بولۇش؛

(11) باشقىلارنىڭ پىكرى ۋە قاراشلىرىنىڭ خاتا بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايدىغان بولۇش؛

(12) توغرا پاكىتلارغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ پىكىر ۋە قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرالايدىغان بولۇش؛

(13) ھېساپلاش ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش توغرىسىدىكى ئاساسىي بىلىملەرگە ئىگە بولغان بولۇش؛

(«ياڭچېڭ كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1983 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىكى سانىدىن ئېلىندى)

— ئابلەت ياسىن تەرجىمىسى

تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

# سانسكرىت ئەدەبىياتىدىكى پەزىلەتكە دائىر ھېكمەتلىك سۆزلەر

△ ئەقىللىق ئادەم پەزىلەتتىن خۇشال بولىدۇ ۋە شۇ پەزىلەت ئۈچۈن ياشايدۇ، ئەنە شۇ پەزىلەتكە ئىگە بولۇش، ئۇنىڭ بەخت - سائادىتىدۇر.

△ ئىلىمدىن، تەربىيىدىن، سېخىلىقتىن، ياخشىلىقتىن خەۋىرى يوقلار، بۇ دۇنيادا ئىنسان شەكلىدە ياشاۋاتقان ھايۋانلارغا ئوخشاش، يەر يۈزىدىكى كېرەكسىز مەخلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

△ بىر كىشىنىڭ گۈزەللىكىنى ئەمەس، خىسلىتىنى سورا؛ كىيىم - كېچىكىنى ئەمەس، خاراكتېرىنى سورا؛ بىلىمىنى ئەمەس، نەتىجىسىنى سورا؛ بايلىقىنى ئەمەس، قىزىقىدىغىنىنى سورا.

△ باي بولۇش ئاسان، لېكىن پەزىلەتلىك بولۇش تەس.

△ ئالىملارنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ئىجات قىلغۇچىلارغا ھېسداشلىق قىلغان، سەۋرى - تاقەتلىك بولغان، جىگەرلىك بولغان، ئۆز تۇرمۇشىدىن قانائەتلەنگەن، دوستلارغا ھۆرمەتتە بولغانلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ.

△ بۇ دۇنياغا ئەقىل - پاراستى بىلەن نەزەر سالغان ھەر قانداق كىشى، ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ئۆمرىدە ئۆزى كىرىشكەن ئىشتىن چوقۇم بىرەر نەتىجە چىقىرىدۇ.

△ كىشىلەر ھەر كۈنى ئورنىدىن تۇرۇپ، بۈگۈن نېمە ئىش قىلىمەن؟ قۇياش پاتىدىكەن ھاياتىمنىڭ بىر كۈنى قىسقىرايدۇ دەپ ئۆزلىرىگە سوئال قويالايدىغان بولۇشى كېرەك.

△ تېخى ئىشلىرىمىز ئاخىرلاشماي تۇرۇپ، ھاياتىمىز ئاخىرلىشار، ھاياتنىڭ ۋاقتى چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشى يەنىلا ياش ۋاقتىدا خاسىيەتلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك.

△ كىچىكىمىزدىن تارتىپلا خاسىيەتلىك ئىشلارنى قىلايلى، چۈنكى ھاياتنىڭ چېكى يوق، بۈگۈن كىمنىڭ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدىغانلىقى مەلۇم ئەمەستۇر.

△ پەزىلەت — چىنلىق، ھېسداشلىق ۋە سېخىلىقتىن ئىبارەت، سەۋرى - تاقەت بىلەن ئادەم ئىلگىرى تاپىدۇ، خاپىغانلىق ۋە قارا نىيەتلىك پەزىلەت ھېساپلانمايدۇ.

△ دوستلارنىڭ، توغرا نىيەتلىكلەرنىڭ ئىلمىي كىتابلىرىنى ئوقۇغانلار شۈبھىسىزكى پىلانلىغان ئىشلىرىدىن نەتىجە قازىنىدۇ.

△ دۇنيادا ئەڭ يارامىلىق نەرسە نىمە؟ پەزىلەت. قانداق كىشىلەر ساپ ئادەم بولالايدۇ؟ پاك نىيەتلەر. قانداق كىشى ئەقىللىق بولىدۇ؟ توغرا بىلەن خاتانى، ھەق بىلەن ناھەقنى پەرق ئەتكەنلەر.

△ ئەڭ ئۇلۇغ باشلامچى قانداق بولىدۇ؟ توغرا نىيەت. ئەڭ پاكلىق دىگەن نىمە؟ ساپ نىيەت ۋە ۋىجدانلىق بولۇش. كىشى نىمىدىن خاتالىشىدۇ؟ مال - دۇنيادىن ۋە ئەيشى - ئىشرەتتىن.

△ كىشىلەر بايلىق ۋە مۇھەببەتنى: بۇ دۇنيادىكى ئارزۇ - ئۈمىت دەپ قارايدۇ، مىنىڭچە بۇلارنىڭ ئىچىدە بايلىق بىلەن مۇھەببەت پەزىلەت ھىساپلانمايدۇ. پەزىلەتكە سەل قاراپ، مال - دۇنيا قوغلىشىدىغان، ئەيشى - ئىشرەتكە بېرىلىدىغان ھەر قانداق كىشى دانىشمەن ھىساپلانمايدۇ.

△ پەزىلەتتىن بايلىق ۋە خوشاللىق كىلىدۇ، پەزىلەت بىلەن ھەممە ئىش تۈزىلىدۇ. پەزىلەت دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

△ پەزىلەتسىز كىشىلەر ھايات بولسىمۇ ئۆلۈك ھىساپلىنىدۇ. پەزىلەتلىك كىشىلەر ۋاپات بولغاندىمۇ نامى ئۆچمەيدۇ.

△ ئۆي - ئىمارەت، باغ - ۋاران، مال - دۇنيا، ياشلىق ۋە يەر يۈزىدىكى ھەممە جانلىقلار مەڭگۈلۈك بولالمايدۇ، مەڭگۈلۈك بولىدىغىنى پەقەت شان - شەرەپتۇر.

△ كىشى گۇناھكار بولسىمۇ، خاسىيەتلىك ئىشلارنى قىلىشى، ئىجادىيەتچىلەرگە ھۆرمەت قىلىشى، تېز سۈرئەت بىلەن تىرىشىپ يولىنى تېپىشى كېرەك. چۈنكى ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتى، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

△ ھايات شامالدەك، كۈچ - قۇۋۋەت كوكتىكى قۇشلاردەك بىر مەزگىللىك، ياشلىق چاقماقتەك، مال - دۇنيا تاغدىن چۈشكەن سۇدەك، مۇشۇلارنى بىلىدىكەنسەن، ئۆمۈر بويى خاسىيەتلىك ئىشلارنى قىل.

△ بىرەر نەرسىدىن خەۋىرى يوق نادانلار، قولىدىغا بىرەر نەرسە كىرىپ قالسا، بۇنىدىن كېيىنكى قىلىدىغان ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىدۇ.

△ قارا نىيەتلىكتىن ساقلان، سەۋرى - تاقەتلىك بول، ئاخماقلىقنى تاشلا، گۇناھقا شىرىك بولما، ھەقىقەتنى ئاڭلا، ياخشىلارنىڭ ئىزىدىن ماڭ، بىلىملىكلەرنى قەدىرلە، چوڭلارنى ھۆرمەتلە، دۈشمەننى سەل چاغلىما، پەزىلىتىڭنى، ئابرويىڭنى ساقلا، يوقسۇللارغا ھىسداشلىق قىل. ئۆتكەن ئۇلۇغلارنىڭ يولى مانا مۇشۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر.

△ ئادەم ياشلىقىدا خاسىيەتلىك ئىشلارنى قىلسا، ياشانغىنىدا ئۇنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرىدۇ، ئۆمۈر بويى ياخشى ئىش بىلەن شۇغۇللانسا، ئۆمۈر بويى ھالاۋىتىنى كۆرىدۇ، ئالەمدىن ئۆتسىمۇ ئۇنىڭ نامى ئۆچمەيدۇ.

△ مەيلى ئۇ قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى دەپسەندە قىلماسلىق كېرەك، باشقىلارنى خارلىماسلىق كېرەك، باشقىلارنى سېسىق تىل بىلەن ھاقارەتلەشتىن ساقلىنىش كېرەك.

△ خەلق ئاممىسى گۈلنى ئەمەس، پەزىلەتلىك كىشىلەرنى سېغىنىدۇ، قانچە گۈزەل بولسىمۇ، پۇراقسىز گۈلنى ھېچكىم قىسمايدۇ.

△ ئىزچىل تۈردە يېڭى شەيئىلەرنى ئىجات قىلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغاندىمۇ شانلىق تۆھپىلىرى ئۆچمەيدۇ.

△ بەخت - سائادەت پەزىلەتتىن كېلىدۇ. پەزىلەتتىن تۈرلۈك ياخشى ئىش - ھەركەتلەر بارلىققا كېلىدۇ، پەزىلەتتىن شان - شۆھرەت تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق كىشىلەر خاسىيەتلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك.

△ جاپا چەككەن ھالاۋەت كۆرىدۇ، سالامەتلىكتە ياخشى بولغان بەختلىك بولىدۇ، كۆپ ئۆگەنگەن كۆپ بىلىدۇ، تەربىيە كۆرگەن پەزىلەتلىك بولىدۇ.

△ پاشىلار يارىنى، ھەرىلەر چېچەكنى، ياخشى ئادەملەر پەزىلەتنى، يامان ئادەملەر كۆڭۈل ئۆتكۈزۈشنى ئويلايدۇ.

△ ھەر قانداق بىر ئادەم ياخشى نىيەتلىك بولۇشى، ھەر بىر ئىشىدا نەتىجە يارىتىشى كېرەك.

△ ئادەم ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا خاسىيەتلىك ئىشلارنى قىلىشى كېرەك. چۈنكى ھايات چەكلىك، بىز پىشقان مېۋىلەرگە ئوخشاش ھەر كۈنى ساپىقىمىزدىن ئايرىلىپ تۆكۈلۈپ تۇرىمىز.

△ ئادەم غەيرەتلا قىلىدىكەن، ھەر قانداق ئىشنى قىلالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم تىرىشىپ ياخشى ئىش قىلىشى كېرەك.

△ پەزىلەت كىشىلەرنى مەنىۋى بايلىققا، غەلىبە ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكىگە، ئارزۇ تىلەككە، شان - شەرەپكە يەتكۈزىدۇ.

△ يامانغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ساقلان، ياخشى بىلەن ئۈلپەت بولۇشقا تىرىش، كېچە - كۈندۈز خاسىيەتلىك ئىشلارنى قىل.

△ ۋاقىت ئۆتەر ئۆمۈر كېتەر، ئارزۇلار قالار. مىسال ئۈچۈن بىر ئادەم پۈتۈن ئۆمرىدە بىر نەرسىدىن بىرەر نەتىجە چىقارمىسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ھاياتى قەدىرسىز ھايات بولىدۇ.

(توركچە «شەرق تىللىرى» نىڭ 1977 - يىل، 2 - توم، 3 - سانىدىن تاللاپ ئېلىندى)

— بۇھەيرا ئابلەت تەرجىمىسى

# نەسىھەت جەۋھەرلىرى

بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن مەشھۇر دانىشمەنلەر تۈرلۈك تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلاپ، باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئالتۇندىن قىممەتلىك مەسلىھەتلەرنى مىراس قالدۇرغان. «نەسىھەت جەۋھەرلىرى» (جاۋاھىرناپەند) ۋە «100 نەسىھەت» قاتارلىقلار قەدىمقى زامان تىبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ پېشۋالىرىدىن بولغان داڭلىق تېۋىپ لوقمان ھېكىمنىڭ ئۆز ئوغۇللىرىغا قىلغان نەسىھەتلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بىز ئۈچۈنمۇ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بار.

بۇ ماتېرىيال فارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. مەن زامانداشلىرىمىزغا بىر ئاز پايدىسى بولار دېگەن ئۈمىدتە بۇ ئىككى ماتېرىيالدىن بىر قىسمىنى ھازىرقى زامان تىلىمىزغا لايىقلاشتۇرۇپ رەتلەپ چىقتىم.

— ئەيساجان مۇسا

△ ئىلىم - مەرىپەت راھەت - پاراغەتتىن ئەۋزەلدۇر. ئىلىم ئىنسانغا ئىززەت ۋە ھۆرمەت كەلتۈرىدۇ. بىرەر نەرسىنى بىلمەك ھېچ نەرسىنى بىلمىگەندىن ياخشىراق. بىلىمسىزنىڭ ئەسلى - نەسەبلىرى ئېتىبارسىزدۇر. ئالىم ھەر قانداق يەرگە بارسا، ئىززەت ۋە ھۆرمەت كۆرەر. ئۇلۇغلۇقنىڭ سەرمايىسى ئىلىم ۋە ئەخلاقدۇركى، ئەسلى ۋە نەسەپ ئەمەستۇر. ئىنساننىڭ قىممىتى نەسەبنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن ئەمەس، ئىلىم ۋە ھۈنەر بىلەن كامال تاپىدۇ. ئەمەلىيىتى بولمىغان ئىلىم مومغا ئوخشاركى، تاتلىقى يوقتۇر، ھەر نەرسىنى بىلمىسەڭ، سوراشتىن نومۇس قىلما. ئىلىم - ئەخلاق ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بايلىقتۇر.

△ ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن ياخشى ئېھسان① — بىلمىگەنلەرگە تەشۋىقى - تەربىيە ئېلىپ بېرىش، دوستلارغا نەسىھەت قىلماقتۇر. ئاتا - ئانىنىڭ بۇيرۇقىغا بوي سۇنۇش مۇھىم. ئۇلۇغ دانىشمەنلەرنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىش زۆرۈردۇر. كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزلەش — چوڭ ئەيىپلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۆزىنىڭ پايدىسىنى كۆزلەپ يەنە بىرىگە زىيان سېلىش — چوڭ گۇنادۇر. كىشىلەرگە ئازار بېرىش ۋە جاپا سېلىشنىڭ كويىدا بولماسلىق لازىم. كىشىگە ئازار بەرگەننىڭ نەتىجىسى ياخشى بولمايدۇ... بەدناملىق بىلەن ھايات كەچۈرگەندىن كۆرە، ياخشى ئات كۆتۈرۈپ ئۆلگەن ياخشى.

---

① ئېھسان - خەيرى، سەدىقە، ياخشىلىق قايتۇرۇش.

△ خەيرى - ئېھسان، ۋە كەڭ ئادالەتچىلىك — دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا سەۋەپ بولىدۇ. خەلققە زۇلۇم سېلىش — پادىشالىقنىڭ ھۇلىنى ۋە يىلتىزىنى كولىغانلىقتۇر. كىمكى چوڭلارنىڭ سوزىنى قۇلىقىدا تۇتمىسا، ئەمەل قىلمىسا، ئۇزىنىڭ ھالاك بولۇشىغا قاراپ ماڭىدۇ.

△ يۇۋاش، مۇلايىم بولۇش — دوستلۇق ۋە بىرلىككە كېلىشكە سەۋەپ بولۇر. كەمتەرلىك ھەممە ئىشتىن ياخشى... كىمكى سەبىرچانلىقنى ئىختىيار قىلسا، مۇراد - مەخسىدىگە يېتەر.

△ ياخشىلارنىڭ سوھبىتىنى تاپساڭ، غەنىمەت بىلگەيسەن. يامان، ئەخلاقسىزلارنىڭ سوھبىتىدىن يىراق قاچقىن. نادانلارنىڭ سوھبىتى جانغا ئازاپ. نادان، ئاخماق ئادەملەرنىڭ سوھبىتىدىن باياۋاندىكى يالغۇزلۇق ياخشى. يامانلارنىڭ سوھبىتى تېز تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ زىيىنى ئاز ۋاقىتتىلا تەسىرىنى كورسىتىدۇ. ھەركىم يامان، نائەھلى ئادەملەر بىلەن بىللە يۇرسە، ياخشىلاردىن ئايرىلىپ قالۇر. راسچىللىقنى ئادەت قىلغىن، راستكوي كىشىنى ھەممە ئادەم دوست تۇتار. راسچىللىقنى قوللانغان كىشىگە ھېچقاچان زىيان يەتمەس... خىيانەتكار، يامان ئادەم ھەممە يەردە مەردۇددۇر - قوغلانغۇچىدۇر. يالغانچى كىشى ھەمىشە خار، ئېتىبارسىزدۇر. يالغانچىلىق بىلەن داڭقى چىققان كىشى ئەگەر راس سوزلىسىمۇ، ھېچكىم ئىشەنمەس.

△ دوستنى يوقسۇزلۇق ۋە قىيىنچىلىقتا سىناش كېرەك.

△ ئىنساننىڭ ھەربىر ۋاقتى ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە ئەزىزدۇر. ۋاقىت ئوتۇپ كەتسە، ئىككىنچى قولغا كەلتۇرگىلى بولماس.

△ دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق لازىم. ئەگەر ھەقىقەتنى تەكشۇرمەيلا كىشىنىڭ ئەيىۋىنى ئاچساڭ، ھەقىقەتنى ياپقان بولىسەن...

△ دۇشمەندىن غاپىل① بولماي، ئېھتىياتتا ۋە ھەزەردە بولۇش لازىم. دۇشمەننى كىچىك چاغلىماسلىق كېرەك. قەتئىيلىك ۋە شىجائەتلىك — نۇسرەت ۋە غەلبىنىڭ ئالامىتىدۇر...

△ ھەرقاچان بىر كىشى بىلەن ئەھدى قىلىشقان بولساڭ، مۇمكىن قەدەر ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىشقا تىرىشقىن. شۇنداقتا دوست - دۇشمەنلەرنىڭ ئالدىدا ئىناۋەتلىك بولىسەن.

△ كوزۇڭنى ھارامدىن ساقلىغىن... لوقمىنى ② كىچىكرەك ئېلىپ، ئۇزاقراق چايناپ يېگىن. ئوزەڭدىن كىچىكلەرگە زۇلۇم قىلمىغىن، بەلكى شەپقەت قىلغىن. دۇشمەن تەرەپكە مايىل بولمىغىن. خوتۇن، بالا - چاقىلىرىڭنى ياخشى ئاسرا، ئۇلارغا قىيىنچىلىق سالما. خىزمەتكارلىرىڭنى خار كورمە، بىر كۇنى سەمۇ ئۇنىڭغا خادىم ③ بولۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن. ئامانەتنى ئوز ئىگىسىگە تاپشۇر، خىيانەت قىلما. قولۇڭنى ئوچۇق تۇت، ھېچ كىمدىن ياخشىلىقنى ئايىما. كىشىلەردىن تاما قىلما.

① غاپىل — بىخۇد، غەپلەت. ② لوقما — يېمەكلىك، بىر كاپام. ③ خادىم — خىزمەتچى.

△ غەزەپىڭنىڭ ئوتىنى ھېلىمىڭنىڭ ① سۈيى بىلەن سۇغارغايسەن. نەپسىڭنىڭ ئارزۇسىنى رىيازەت ② ۋە مۇجاھىدە ③ بىلەن يوق قىلغايسەن. نەپسىڭنى ئۆزەڭگە ئىتائەت قىلدۇرغايسەن.

## «100 نەسىھەت» تىن تاللانغان 40 نەسىھەت

1. ھەر قانداق ۋەز-نەسىھەت قىلماقچى بولساڭ، ئەڭ ئاۋال ئۆزەڭ ئەمەل قىل.
2. دوستنى پايدا-زىياندا سىناپ كۆر.
3. دوستنى قاتتىقچىلىق ④ يەتكەندە سىنا.
4. ئاخماق، نادان ئادەملەردىن يىراق قاچ.
5. ئاقىل، زىرەك ئادەملەرنى دوستلۇققا تاللا.
6. ھەر قانداق سوز قىلساڭ، دەلىل ئىسپاتى بىلەن قىلغايسەن.
7. ياش ۋاقتىڭنى غەنىمەت بىلگەيسەن.
8. ئاتا-ئاناڭنىڭ ھاياتلىقىنى غەنىمەت بىلىپ، ئۇلارنى رازى قىلغايسەن.
9. ئۇستازلىرىڭنى ئاتا-ئاناڭدەك ياخشى كۆر.
10. چىقىمىڭنى كىرىمىڭنىڭ ئاز-كۆپلىكىگە قاراپ قىل.
11. بەدەن ۋە كىيىملىرىڭنى پاكىزە تۇت.
12. بالا-چاقا، تاۋابىئاتلىرىڭغا ⑤ ئىلمى-ئەدەپ ۋە ياخشى ئەخلاق ئۆگىنىشنى دالالەت قىل.
13. ئۆزەڭگە ئاز يېيىش، ئاز سۆزلەش، ئاز ئۇخلاشنى ئادەت قىل.
14. ئۆزەڭگە يارىمىغان نەرسىنى باشقا كىشىلەرگە تەشەببۇس قىلما.
15. ياخشى ئۆگىنىپ، بىلىۋالماي تۇرۇپ، "مەن بىلىمەن" دەپ ئۇستازلىق قىلما.
16. ئۆزەڭدىن چوڭ كىشىلەرگە ئويۇن-چاقچاق قىلما.
17. چوڭ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا كۆپ سۆزلىمە.
18. ھاجەتمەن كىشىنى ئۈمىتسىز ياندۇرما.
19. ئۆتۈپ كەتكەن ئۇرۇش-تالاشنى بانا قىلىپ، ئاداۋەت ساقلىما، بەلكى، ئەپۇ قىل.
20. مال-دۇنيانى دەپ، ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭدىن تۇققانچىلىقنى ئۈزمە.
21. كۆپچىلىك ئۆرە تۇرغان بولسا، سەن ئولتۇرۇپ ئالماي، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆرە تۇر.

---

① ھېلىم — ئېغىر-بېسىقلىق، سىپايىلىق. ② رىيازەت — جاپا، قىيىنىلىش. ③ مۇجاھىدە — قانائەت، تىرىشچانلىق.

④ قاتتىقچىلىق — يوقسۇزلۇق، قىيىنچىلىق. ⑤ تاۋابىئات — ئۆز باشقۇرۇشىدىكى كىشىلەر.

22. كىشىلەرنىڭ ئالدىدا چىشىڭنى كولىما.
23. كىشىلەر ئالدىدا قاتتىق ئاۋاز بىلەن تۈكۈرۈپ، بۇرنۇڭنى تاشلىما.
24. چۈچكۈرۈك ۋە ئەسنەك كەلگەندە، ئاغزىڭنى قولۇڭ بىلەن توس.
25. كىشىنىڭ يۈزىگە قاراپ كېرىلمە.
26. كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بۇرنۇڭنى كولىما.
27. بىر كىشىنى كوپچىلىك ئالدىدا خىجالەت قىلما.
28. كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزەڭنى ۋە خوتۇنۇڭنى ئەۋزەل بىلىپ ماختىما.
29. ئۆزەڭنى خوتۇن كىشىلەرگە ئوخشىتىپ ياسانما.
30. خوتۇن - باللىرىڭنىڭ ناتوغرا مۇراد - مەقسەتلىرىگە هەرگىز يول قويما.
31. مۇمكىن قەدەر كىشىلەر بىلەن ئۇرۇش - تالاش، دەۋا - دەستۇر قىلما.
32. چاپان - كوينەكلىرىڭنىڭ يېڭىغا ئېغىز - بۇرنۇڭنى ئېيتما.
33. ئەتىگەندە كۈن چىقىپ تۇرغاندا ئۇخلىما.
34. قېرى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئوتۇپ ماڭما.
35. كوچا - بازارلاردا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بىر نەرسە يېمە.
36. مېهمان بار چاغدا بىر كىشىگە ئاچچىقلانما.
37. بىر كىشى سوزلەۋاتسا، سوزىنى ئارىلاپ سۆزلىمە.
38. سارالڭ ۋە مەس كىشىلەرگە گەپ قىلما.
39. ئىشى يوق، بىكار تەلەت كىشىلەر بىلەن كوچىنىڭ ئاغزىغا چىقىپ ئولتۇرما.
40. ئۆز نەپسىڭگە هاي بەرمەك بىلەن، چوڭلارنىڭ خىزمىتىنى قىلماق بىلەن، كىچىكلەرگە مېهرى - شەپقەت قىلماق بىلەن، كەمبەغەللەرگە خەيرى - ساخاۋەت قىلماق بىلەن، دوست - بۇرادەر ۋە تاۋابىئاتلىرىڭغا ۋەز - نەسىهەت قىلماق بىلەن، دۈشمەنلىرىڭگە قەتئى، هۇشيار بولۇپ، مادارا قىلماق بىلەن، جاهىل ۋە نادانلارغا ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، ئالىملارغا ئېتىقاد قىلىپ، هورمىتىنى ساقلىماق بىلەن ئومرۈڭنى ئوتكۈزگەيسەن. كىشىلەرنىڭ بايلىغىدىن تاما قىلمىغايسەن. موهتاجلار ئالدىڭغا كەلسە، قورۇق قول ياندۇرمىغايسەن...



## شىنجاڭ ئوقۇتۇش قۇرال - سايمانلىرى زاۋۇدى گولۇبۇسنى ئۇيغۇر يېزىغىدا سىناق قىلىپ ئىشلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى

باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئېهتىياجىغا ماسلىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللى مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە جۇغراپىيە ئوقۇتۇشنىڭ ئۈنۈملىگى بىلەن كورسەتمىلىكلىگىنى ئوستۇرۇش ئۈچۈن، يېقىندا شىنجاڭ ئوقۇتۇش قورال - سايمانلىرى زاۋۇدى ئۇيغۇر تىلى يېزىغى بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن ئىككى خىل گولۇبۇسنى سىناق